

مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سېپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈردىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

MIRAS(HERTAGE)OFUYGHURFOLKCULTURE

# ميراس

2

2013

美拉斯

ISSN 1004-3829


كەلدى نورۇز
كۈلدى غۇنچە
كۆڭۈل يايرىدى
گۈل ئىشقىدا
خەندان ئۇرۇپ
بۇلبۇل سايرىدى
ـ ئىمىن تۇرسۇن شېئىرى

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2013 ـ يىل 2 ـ سان

(ئومۇمىي 136 ـ سان)

## نورۇزنامە

باھارنى سۆيۈپ ........................ غالىب مۇھەممەد قارلۇق (1)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئالتە شەھەردىكى سوپەت سۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى ............
........................................ ئىمىن تاجى تۇرگۇن (3)

## ئايدىڭ كېچىلەر

بېيىت ــ قوشاقلار ........................................ (21)
شۆھىتسىيەلىك مىسسيونېر سىگفرىد موئېن توپلىغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى-
دىن تاللانما ........................................ مامۇت ئىمىن (75)

## ئادەت قېرىماس

ئۇيغۇرلارنىڭ ئوت ساقلاش ئادىتى توغرىسىدا ... ئابدۇغېنى ئوسمان (23)
دولانلارنىڭ ئوۋچىلىق ئادىتى ........................ ئېلى ئېقىل (29)
دارۋازلىق ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ...... ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل (33)

## يېمەكلىرىمىز

قاراقاش نانلىرى ........................ ئايمۇھەممەد ساھىبى (35)

## ۋەسىقىلەر

قەشقەر تېكىستىلىرى ........................ ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (43)



باش مۇھەررىر:
**ئازاد سۇلتان**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
جاۋابكار مۇھەررىر:
**نۇرنىسا باقى**
مۇھەررىرلەر:
**نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 _ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 _ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۇپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

كىنىزەم بىلەن بوز كۆرپەش ........................................ (55)

## گۈزەللىك ئوندۇر توققۇزى توندۇ

ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىم مەدەنىيىتىدە تەلپەكنىڭ بارلىققا كېلىشى ......
........................... مۇھەممەد سېلىم مۇھەممەد قاسىم (61)

## مىراسلىرىمىز

يەكەننىڭ قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتىدىكى تۆت گۆھەر ...
........................... ئەكرەمجان مەترۇسۇل ئۇمدى (71)

**بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 30 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 30 يىللىق شانلىق تارىخىدا 136 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن، دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!**

**بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە قىزغىن سالام يوللايمىز!**

**ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!**

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: «ئەسلەش» ئەنۋەر ئوسمان سىزغان
مۇقاۋىنىڭ 4-بېتىدە: «تەكلىماكان قۇچىقىدا» ئابدۇغېنى ئىمام سىزغان

Chief editor: Azad Sultan
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki

# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园

总编：
阿扎提·苏里坦
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
(法人代表)
本期责任编辑：
努尔尼沙·巴克
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社(乌市友好南路716号文联14层)
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federa_tion of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥



# باھارنى سۆيۈپ

**غالىب مۇھەممەد قارلۇق**

— نورۇز ھەققىدە

«ئىشنىڭ بېشى سەھەرنىڭ، يىلنىڭ بېشى باھاردىن» شۇڭا سەھەر ۋە باھار تېرەنلىرى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ قەلبىدىكى قەلەم ئاشناسىغا، كىشىلەرنىڭ ھېسسىيات قەسرىدىكى ئۈپتىمىستىك مۇتىفلارغا ئايلانغان. سەھەر ئادەمگە جەڭگىۋارلىق بەرسە، باھار ماددىي ۋە روھىي نېمەتلەرنىڭ يورۇق شولىسىنى كۆرسىتىدۇ. باھار تەبىئەتنىڭ تولغاقتىن بوشىنىشى، ھاياتلىقنىڭ يېڭى مۇساپىگە قايتىدىن قەدەم قويۇشى، ھاياتىي كۈچ باھار بىلەن ئويغىنىدۇ، ئۇرغۇيدۇ، باھار بىلەن يېڭى مەنزىللەرگە يول ئالىدۇ، شۇڭا كۆپىنچە ئادەملەرنىڭ قەلبى باھارغا تەلپۈنۈپ، باھاردىن كۆڭلى سۇ ئىچىدۇ.

ئەلۋەتتە پەسىللەرنىڭ ئۆزىگە يارىشا خاسىيەت، ھېكمەتلىرى بولىدۇ، ئۇلارنى ئايرىپ قاراشمۇ تەبىئىي مۇۋازىنەتكە مۇخالىپ. ئۇلارنىڭ تەقدىرى چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. ئەمما پەسىللەرگە نىسبەتەن باھار ئاچقۇچ، ئاساس. شۇڭا مول مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز يىل بېشى بولغان باھارغا ئالاھىدە ئىشتىياق ئەقىدە بىلەن قارىغان ھەمدە «نورۇز»دىن ئىبارەت مۇبارەك بايرام ماركىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. كۆك مەشرىپىدىن نورۇز تەنتەنىسىگىچە خەلقىمىزنىڭ تەبىئەتنى سۆيۈش، ئىنسانىي ئويغىنىش، ۋاقىت، مەۋجۇداتلىققا بولغان تېۋىنىش ۋە يىلغا بولغان ئەقىدە ئېڭى ئۆز جۇلاسىنى تاپقان. ئويغىنىش، تەنتەنە، ئەقىدە، ئىرادە، ئۈمىدۋارلىق، ئېتىقاد، مىللىيلىك ئۇيغۇر بايراملىرى ئىچىدىكى نورۇزدا ئەڭ ئىپادىسىنى تاپقان.

بىلىك رەھنامالىرى نورۇز بايرىمىنى تېگى-تەكتىدىن تەبىئەت بايرىمى دەپ قەيت قىلغان. چۈنكى نورۇز بايرىمى ئىسىم مەنىسىدىن «باھار يامغۇرى»، «تۇنجى باھار كۈنى»، «يېڭى كۈن» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، شەمسىيە (قۇياش) كالېندارى بويىچە قىش ئاخىرلىشىپ، باھارنىڭ باشلىنىش كۈنى، يەنى كۈن بىلەن تۈن تەڭلەشكەن باش باھارنىڭ بىرىنچى كۈنى (ھەر يىلى 3-ئاينىڭ 21-كۈنى) ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن يېڭى يىلنى دەل مۇشۇ كۈندىن باشلىنىدۇ دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ، بۇ ھەم ئەمەلىيەتكىمۇ ئۇيغۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن نورۇز بايرىمى ئەسلىي ماھىيىتى بىلەن يېڭى يىل

بايرىمدۇر. بۇ كۈنى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە يۇرت ئەھلى بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ مەنزىرىلىك جايلارغا جەم بولۇشقىنىچە نورۇزغا ئاتالغان تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى باشلىۋېتىدۇ. نورۇز ئېشى ئېتىلىپ ئەل-جامائەت ئورتاق ئېغىزغا تېگىشىدۇ. «تەك يېگەن تەنگە سىڭەر» دېگەندەك نورۇز ئېشى ھەممەيلەنگە شادلىق ئاتا قىلىپ، تەنگە قۇۋۋەت، روھىغا مەلھەم بولىدۇ. چەۋەندازلىق، ئوغلاق تارتىشىش، ئىلەڭگۈچ ئۇچۇش... قاتارلىق تەنتەربىيە ئويۇنلىرى قانايدۇ، مەدداھلار خەلق ھېكايە-قىسسەلىرىنى قېزىتىۋېتىدۇ، «ئون ئىككى مۇقام»نى مەركەز قىلغان ناخشا-كۈيلەر ئەۋجىگە چىقىدۇ، نورۇزنامىلەر ئوقۇلىدۇ.

كۆڭۈلنىڭ چىركىنلىكلىرى يۇيۇۋېتىلىدىغان بۇ كۈن نەقەدەر خاسىيەتلىك، مۇقەددەس-ھە ! يىل بېشىنىڭ پاك باشلىنىشى سائادەتتىن دېرەك. بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەر، نىزا-ئاداۋەتلەر بۇ كۈنى كۆڭۈللەردىن ساقىت قىلىنىدۇ. ئىناقلىق، سالام-سەھەت، ياخشى تىلەكلەر مېلودىيەگە ئايلىنىدۇ. ئىلىم-مەرىپەتلىك، ساخاۋەتلىك ۋە دىيانەتلىك بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. قاراڭ، بۇ دەۋر روھىغا نەقەدەر ئۇيغۇن، ئاجايىپ رېئال ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە ئىلھامبەخش بايرام-ھە! شۇڭا نورۇز بايرىمىنى تەشەببۇس قىلىشنىڭ، زورايتىشنىڭ، جۇلالاندۇرۇشنىڭ ئالاھىدە زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتى بار.

شۇنداق، نورۇز بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرىمىمىز. ئۇ مەنە ۋە قىممەتكە باي تىرىك سىمۋول. گەرچە ئۇنتۇشتىن ئىبارەت ئىنساننىڭ تەبىئىي كېسىلى يىللارنىڭ ئۇزۇن-قىسقا قاراڭغۇلۇقلىرىدا بىزنى بۇ بايرىمىمىزدىن مەلۇم دەرىجىدە يىراقلاشتۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئەنئەنىگە باي چېچەنلىكىمىز بۇ بايرامنى يەنە ئارىمىزغا قايتۇرۇپ كەلدى، ئۇنىڭغا يېڭى ئەسىردە يېڭىچە نەزەر بىلەن ئەھمىيەت بەرمەكتىمىز، نورۇز يېزا-قىشلاقلىرىمىزدا ئەسلىي رۇخسارى بىلەن، شەھەرلىرىمىزدە سەھنە-ئېكرانلىرىمىز بىلەن ئۆز قەدرىنى تاپماقتا. نېمىلا دېمەيلى، نورۇزنىڭ قىممىتىنى تونۇماقتىمىز، ئۇنىڭ بىلەن يىللارغا ئەقىدە قىلماقتىمىز. توغرا، بىز نورۇز بىلەن كۆكلەيمىز، كۆك مايسىلىرىدەك ئىزلىرىمىز بىلەن يىللارغا گۈل چېكىمىز، مانا بۇ نورۇزلۇق جاسارەت، نورۇزلۇق ئارمان شۇنداقلا نورۇز ئەھلىنىڭ قەلبى!

(ئاپتور: شىنجاڭ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ژۇرناللىرى نەشرىياتىدا)





# ئالتە شەھەردىكى سۈپەت سۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى

ئىمىن تاجى تۇرگۇن







ھەممىمىزگە مەلۇم، ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭ يىپەك يولىنىڭ ئۆتۈشمە بەلبېغىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تارىختىكى سەيياھ، دىن تارقاتقۇچى، ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيەچى، ئىنسانشۇناس ۋە باشقا ھەر خىل شەكىل ۋە مەقسەت بىلەن بۇ زېمىندا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ دىققەتتە تۇتۇلدىغان ۋە بىر بېرىپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىپ تەلپۈنىدىغان مۇقەددەس جايغا ئايلانغان ھەمدە ئۇلار بۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ كۆرگەن بىلگەنلىرىنى ۋە بۇ ھەقتىكى يازغان سايا-ھەت خاتىرىلىرى، ئارخېئولوگىيە دوكلاتلىرى، دۆلەتكە، ھۆكۈمەتكە يوللىغان مەخپىي دوكلاتلىرى ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرىنى يېزىپ چەت ئەللەردە شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيە ۋە ئارخېئولوگىيە قىزغىنلىقىنى قوزغىغان. تارىختىن بېرى چەت ئەللىكلەر ۋە خەلقىمىز ئارىسىدىمۇ دىيارىمىزدىكى قەدىمىي شەھەرلەردىن قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان ۋە قومۇللارنى ئۆزگىچە سۈپەت سۆزى بىلەن سۈپەتلىگەن. مەسىلەن، ئەزىزانە قەشقەر، پىرىيانە يەكەن، شەھىدانە خوتەن، غازىيانە ئاقسۇ، غېرىبانە تۇرپان ۋە سوپىيانە قومۇل دېگەندەك. بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە بۇ شەھەر ۋە بوستانلىقلارنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى سۈپەتلەپ بېرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ تارىخى، جۈملىدىن ئۇقۇرىقى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر



ماقالىلەر ۋە كىتابلار نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە ھېچكىم بۇ تېما ئۈستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارمىدى. بۇ سۆھبەت سۆزلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تارىخ، جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت ئىلىملىرى نۇقتىسىدىن يېشىپ ئىلىم ئەھلىگە ئايان قىلىش نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىلمىي مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر.

تەڭرىتاغ — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئۇزۇن ۋە چوڭ تاغ سىستېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ شىنجاڭ دائىرىسىدىكى قىسمى شىنجاڭنى قاپ ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭ شىمالىدا چارۋىچىلىققا ماس كېلىدىغان تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىگىلىك شەكلى، جەنۇبىدا بولسا دېھقانچىلىققا ماس تەبىئىي مۇھىت ۋە ئىگىلىك شەكىللەنگەن. تەڭرىتېغى ئارقىلىق جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككىگە ئايرىلىپ تۇرغان بۇ گەۋدە — شىنجاڭ تارىخىدا نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشىگە مەيدان ھازىرلىغان مەدەنىيەت بەلبېغىدىن ئىبارەت. مەشھۇر تارىخشۇناس ۋە ئۇيغۇرشۇناس ئالىم چېڭ سۇلۇ ئەپەندى بۇ ھەقتە «شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئۇ تارىختا مەدەنىيەت رايونى ئاتالغان» ① دەپ ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. رۇس ئالىمى گىروگىرويىفمۇ: «شىنجاڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا مەدەنىيەت، مەرىپەت جەھەتتە ئۆز قوشنىسى باكتىرىيەدىن قېلىشمايدۇ»② دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا شىنجاڭدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئېكسپېدىتسىيە بىلەن شۇغۇللانغان رۇسىيەلىك ئارخېئولوگ ۋە شەرقشۇناس ئوردېنبۇرگ: «ئىنسانىيەت تارىخى ھەققىدە سۆز ئېچىشقا توغرا كەلسە بۇ تارىخقا شەرق خەلقلىرىنىڭ تارىخى تولۇق ھوقۇقلۇق بولۇپ كىرگەندىلا ئاندىن سۆز ئېچىشقا بولىدۇ، بۇ جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى جۈملىدىن شىنجاڭ تارىخى پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە»③ دېگەن.

شىنجاڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتە ياۋرو ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزى ۋە دۇنياغا مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا لىنىيەسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بۇ رايوندا ئۈچ چوڭ ئىقتىساد (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا)، ئۈچ چوڭ دىن (بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى)، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى (ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى، ئورال ـ ئالتاي تىل سىستېمىسى، خەنزۇ ـ تىبەت تىل سىستېمىسى) ئۆز ئارا ئۇچرىشىپ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن»④. مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل جۇغراپىيەۋىلىك مۇھىتتىن پايدىلانغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن تارىم ۋادىسىدىكىلەر ئۆز مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى كۈنسېرى يېڭىلاش، دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش ۋە باشقا مىللەت مەدەنىيەتلىرى بىلەن مۇۋاپىق ئۇچرىشىش، ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ماھىرلىقىدەك مەدەنىيەت پىسخىكىسى بىلەن ئۆزگىچە مەدەنىيەت ياراتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ زېمىندا دۇنيا شەرقشۇناسلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مەدەنىيەت سەمەرىلىرى بارلىققا كەلگەن. شۇڭا رۇس ئۇيغۇرشۇناسلىرىدىن بىرى تېخنوۋ: «شەرقىي ئاسىيانىڭ تاغلىق ئۆلكىسىدىكى ھەرقانداق بىر خەلق غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىنى ئۇيغۇرلاردەك ئۆزىگە تارتالمىغان» ③دەپ يازغان. «يەتتە شەھەر» — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى بولۇپ، بۇ دەۋردە «يەتتە شەھەر دېيىلگەنلەر كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، يەكەن، خوتەن، قەشقەر ۋە يېڭىسارنى كۆرسەتكەن. ياقۇپبەگ 1865 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قەشقەرگە كېلىپ كېيىنچە بۇ يەرنى مەركەز قىلىپ ۋە يۇقىرىدا دېيىلگەن شەھەرلەر تېررىتورىيەسىدە قۇرۇلغان قورچاق ھاكىمىيەت «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى» دەپ ئاتالغان. «سەككىز شەھەر» — چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا

---

① فېڭ جياشېڭ: «ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە»، «شىنجاڭ گېزىتى»، 1957 ـ يىل، 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى سانى (ئىسمائىل تۆمۈرنىڭ «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىدىن ۋاستىلىك ئېلىنغان سىتات).

② گىروگىرويىف «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 1988 ـ يىلى، 1 ـ سان، 6 ـ بەت.

③ چېڭ سۇلۇ: «چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار»، «غەربىي شىمال تارىخ جۇغراپىيەسى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان.

④ تۆمۈر ھەسەن تەييارلىغان: «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەر»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى، 2010 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سانى.

مەزگىللىرىدىن باشلاپ كېيىنكى دەۋرلەردە تارىم ۋادىسىدىكى جايلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىنى كۆرسەتكەن، چيەنلۇڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەسلىھەتچى ئامبال تەيىنلەپ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، يەكەن، يېڭىسار، ئۇچتۇرپان ۋە قاراشەھەر قاتارلىق سەككىز شەھەردە خان ئامبال تەسىس قىلغان.

يۇقىرىدا دېيىلگەندەك دىيارىمىزدىكى پارچە-پارچە بوستانلىقلاردىن قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان ۋە قومۇللار جەنۇبىي ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى ئالاھىدە ۋە مۇھىم قەدىمىي شەھەرلەر شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان بولۇپ، تارىختا ئۇلار ئۆزىنىڭ خاس شەھەر نامىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنىڭ جۇغراپىيەلىك، مەدەنىيەت ۋە باشقا ئامىللارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان بىر قىسىم سۈپەت سۆزلىرى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، ئۇلار تارىختا ئۆز يۇرت خەلقلىرى ۋە باشقا جەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن ئەزىزانە قەشقەر، پىرىيانە يەكەن، شەھىدانە خوتەن، غازىيانە ئاقسۇ، غېرىبانە تۇرپان ۋە سوپىيانە قومۇل دېگەندەك سۈپەت سۆزلىرى بىلەن ئاتالغان. 1877ـ، 1879ـ يىللىرى شىنجاڭنىڭ تۇرپان، سانجى، ماناس ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلەرنى ساياھەت قىلغان تارىخشۇناس، سەيياھ قۇربان غەلى خالىدىي ئۆزىنىڭ «كىتاب تارىيخى جەيدەئى جەدىدە» (تارىختىن يېڭى بايانلار) ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئالتە شەھەرنىڭ نامى ھەققىدە توختىلىپ: تۇرپان ئىسىملىك ئىككى شەھەر بولۇپ، بىرى، ئۇچتۇرپان، بۇ ئاقسۇ شەھىرىگە يېقىن بولۇپ كونا تۇرپاندىن ھارۋا بىلەن بىر ئايلىق يول يىراقلىقتا. بۇ تۇرپاننى كونا تۇرپان دەپ ئاتايدۇ. خەلقى پېقىر ۋە بىچارە، ياۋاش بولغانلىقتىن غەرىبانە تۇرپان دېگەن سۈپەتكە لايىق غېرىب بىر شەھەردۇر. غەرىبان يەنە ئەزىز، غازى، شەھىد دېگەن سۆزلەر ئەسلىدە ئەرەبچە بولۇپ، سۈپەتنى ئىپادىلەيدىغان ئوخشتىشلار پارسچە ۋە تۈركچە سۆزلەردە شۇ مەنىدە قوللىنىلىدۇ. ئەرەبچىدە ئەلىف (ئا) بىلەن نۇن (ن) مۇئەننەس (ئايالچە سۆز) بەلگىسى بولغاندا، پارسچىدا ئان (ان) ئىسىمنىڭ ئاخىرىدا كەلگەندە كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەلقىنىڭ كۆپچىلىكى غېرىب بولغاچ غەرىبانە تۇرپان دېيىلەر، خوتەندە شەھىدلەر كۆپ بولغانلىقتىن شەھىدانە خوتەن، يەكەندە پىرلەر كۆپ بولغانلىقتىن پىرىيانە يەكەن، ئاقسۇدا غازىيلار كۆپ بولغانلىقتىن غازىيانە ئاقسۇ، قەشقەردە ئەزىزلەر كۆپ بولغانلىقتىن ئەزىزانە قەشقەر دەپ ھەر بىرسىنى شۇنداق ئايرىم تەسۋىرلەر»① دەپ يازغان. مەن بۇ ماقالەمدە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى سۈپەت سۆزىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ئەزىزانە قەشقەر

‹ئەزىز› سۆزى — ئەرەبچە بولۇپ، ئىززەت، ھۆرمەتكە ئىگە، قەدىرلىك، سۆيۈملۈك، ئەتىۋارلىق، قىممەتلىك، مۇقەددەس ۋە تەڭداشسىز دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ سۈپەت شەكلى ‹ئەزىزانە› بولسا ھۆرمەت، ئېتىبار ۋە ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشكەن② دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. خەلق ئارىسىدا كاشغەر ھەققىدە مۇنداق مىسرالار پۈتۈلگەن.

كاشغەر دەپ نامى چىقسا بىلمەيىن قالماس كىشى،
ئەلگ ئەزىز مەشھۇر دەپ نامداردۇر كاشغەر.

ئەزىزانە كاشغەرىينىڭ شېرىن-شەربەت سۈيى بار،
ھايات بىلەن قوشكېزەك ياڭراق ناخشا كۈيى بار.

قەشقەر 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەر بولۇپ، تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەھەرلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا شىنجاڭ رايونىنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى ۋە شەھەرلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن. قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ گۈللەنگەن سودا-تىجارىتى بىلەن نام چىقارغان ئاۋات شەھەر بولۇپ، ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى، يىپەك يولىدا پارلىغان نۇرلۇق مەرۋايىت، ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەر ئىدى.

تارىم ۋادىسىدا ياشىغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەر خېلى قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ قەشقەر ۋە ئۇنىڭ

---

① رۇس ئالىملىرى كوللېكتىپى تۈزگەن، ئۇيغۇر سايرانى رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغان: «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىلى نەشرى، 7-بەت.

② ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامىغا بولغان تەسىر مەسىلىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991-يىللىق 4-سان.

ئەتراپىدىكى رايونلاردا ياشاپ مول ۋە رەڭدار بولغان شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. ئاز كەم 400 يىلغا يېقىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى مەزگىلىدە ئىلىم-پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە زور گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇخارادا پەن - مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەردە نۇرغۇنلىغان مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلگەنلىكىگە تەقلىد قىلىپ كىشىلەر قەشقەرنى «سانى بۇخارا» (ئىككىنچى بۇخارا دېگەن مەنىدە) دەپ تەرىپلىگەن، شۇنداقلا يەنە كېيىنكى دەۋرلەردە «ئەزىزانە قەشقەر» دېگەن نام بىلەن ناھايىتى شۆھرەت قازانغان.

قەشقەر ئۆزىنىڭ تارىختىكى مەدەنىيەت سەلتەنىتى بىلەن بىر نەچچە خانلىقنىڭ پايتەختى قىلىنغان. چاتاغاي خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئالىم جامال قارشى ««سۇرراھ لۇغىتى» گە تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىدە قەشقەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «كاشغەر شەھرىنىڭ پەخىرلىك شەھەر بولۇشى ئۇنىڭ ئىسلام مەركىزى ۋە ئالىم - ئۆلىمالار جايلاشقان ئىلىم-مەرىپەت بۇلىقى، ئېسىل پادىشاھ-خاقانلارنىڭ ۋەتىنى، كاتتا ئالىملارنىڭ يۇرتى بولۇشىدا. كاشغەرىينىڭ ئوت-چۆپلىرى كۆپ، تۆرلۈك نازۇ-نېمەتلەر، ئۈزۈم تالliri كۆپ بولۇپ، سانجاق-سانجاق مېۋىلەيدۇ. يېسە زىيان قىلمايدۇ. ۋادىلىرىدا سۇ ناھايىتى كۆپ، زىرائەتلىرى يامغۇردىن بىھاجەت. باھار پەسلى ۋە يازدا يامغۇر ياغمايدۇ، قىشتا قار يېغىپ، يازدا مېۋىلەر كۆپ بولىدىغان، يازدا يامغۇر يېغىپ، كۈزدە ئوت-چۆپلەر ئۈنىدىغان شەھەرلەردەك ئەمەس (قار-يامغۇر ياغمىسىمۇ ئوت-چۆپ، مېۋە-چېۋىلەر بۇلۇق ئۆسۈۋېرىدۇ) كاشغەرىيدە ھاۋانىڭ ھۆل بولۇشى زىيان ۋە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. ھاۋانىڭ قۇرغاق بولۇشى رەھمەت ۋە مېھرىبانلىق ئېلىپ كېلىدۇ، كاشغەر ئەھلى زىرائەت تېرىش ئۈچۈن كالا بىلەن ساپانغا موھتاج ئەمەس. كەتمەن بىلەن جوتۇ ئارقىلىق دېھقانچىلىق قىلىش ئۇلارغا ئاسان. كاشغەر ئەھلى تۇرمۇشتا موھتاج بولىدىغان مېۋە-چېۋىلەر، سەي-كۆكتاتلار، ئالىي، ئېسىل كىيىم-كېچەكلەر، زىننەت بۇيۇملىرى، كىگىز، گىلەم، كۆرپە دېگەندەك بىساتلىرىنىڭ ھەممىسى كاشغەرىينىڭ ئۆزىدىن چىقىدۇ. ئالىي جابدۇقلاردىن ئاددىي نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كاشغەرىيدىن تېپىلىدۇ. كاشغەرىيدە زەھەرلىك جانىۋار-ھاشاراتلار يوق. يىلان-چايانلارمۇ يوق. كاشغەرىينىڭ ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە كۆللىرى سۇغا لىقمۇلىق تولغان. دەرەخلىرى باراقسان، مېۋىلىك دەرەخلىرىنىڭ مېۋىلىرى سانجاق-سانجاق، تۇپرىقى مۇنبەت. كاشغەرىينىڭ شەرەپلىك ئادەملىرى ئادەملەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكىدۇر. كاشغەر مەن ھىجرەت قىلغان ئەڭ گۈزەل جاي ۋە مېنىڭ تىجارىتىم (ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىش مەشغۇلاتىم) ئەڭ راۋاجلانغان جاي. مېنىڭ كاشغەرىيدە ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئەھۋالىم خېلى ياخشى بولدى. كاشغەر مەن ئۈچۈن ئالىم-ئۆلىمالار بىلەن سۆھبەتتە بولغان ناھايىتى ياخشى ئورۇن» ① دەپ يازغان. بۇ ئەينى دەۋردىكى قەشقەرنىڭ ئىلىم-مەرىپەت، يېزا ئىگىلىك، ھاۋا، ئىقلىم ۋە بۇ يەردىكى مەشھۇر زاتلار ھەققىدىكى تېپىك ۋە رېئال بايانلار ئىدى. دېمىسىمۇ قەشقەردە مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدىلا ھەرقايسى دىن ۋە مەدەنىيەتلەر يۇغۇرۇلۇپ مەدەنىيەتتە بىر ئالتۇن دەۋر يارىتىلغان ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. ئالايلۇق، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە بۇددىزم مەدەنىيەت تارىخىدا يۇكسەك شۆھرەتكە سازاۋەر بولغان ھەم كۇشان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورى قەنىشقاغا دۆلەت ئۇستازى بولغان سامەلوشا، 8-، 9-ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن جۇڭگو بۇددىزم تارىخىدا «پىر ئۇستاز» دېگەن نامغا نائىل بولغان شەرق بۇددىزم مەدەنىيىتى تارىخىدىكى ئېنسىكلوپېدىك كاتتا ئەسەر «پارچە نوملار شەرھ» (100 جىلد)نىڭ ئاپتورى بويىلا خۇيلىن (پىر خۇيلان دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر سەنئەتكار بۇيىلا چېڭئېن ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى دەۋرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن مەھمۇد كاشغەرىي، يۇسۇف خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى ۋە ئابدۇلغاپپار ئالمائىي قاتارلىق ئالىملار قەشقەردىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس مەدەنىيەت

---

① قۇربان غەلىي خالىدى: «كىيتاب تارىيخى جەرىدەئى جەدىدە» («تارىختىن يېڭى بايانلار» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ كىتابنى مەجىت ئەبۇزەر نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىلى نەشرى، تاتارچە (ئىچكى قىسمىدا تارقىتىلغان) 19-، 20-بەتلەر.

② تىل-يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1-توم، 261-، 262-، 787-بەتلەر.

دىياردا يېتىشىپ چىقىپ ئىلىم-پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلـ-
رىدە تېگىشلىك مۇھىم تۆھپىلىرى بىلەن دۇنيا ئىلىم ئـەھـ-
لىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. ئالىم مەھمۇد كـاشـغەرىي شـا-
ھانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دە قەشقەرنى ناھا-
يىتى يۇقىرى سۆپەتلەر بـىلەن بـاھالىغان. مـەسىلەن، ئـۇ
قەشقەر ھـەققىدە تـوختىلىپ مۇنداق يـازىدۇ: كـاشغەر ـــ
ئوردۇ كەنت دېيىلىدۇ، بۇنىڭ مـەنىسى خـان تـۇرىدىغان
شەھەر، مەركەز دېگەنلىك بولىدۇ. قەشقەرنىڭ ھاۋاسى نا-
ھـايىتى سـاپ بـولغاچقا ئـافراسىياپ مۇشۇ شـەھـەردە
تۇرغان»② دەپ ئىزاھات بەرگەن. ئاپتور بۇ يەردە ئاف-
راسىياپنەك بىر تـارىخىي ۋە ئـۇلۇغ شـەخسنى قـەشقەرگە
باغلىشى ئۇنىڭ قەشقەرگە بـولغان يـۈكسەك مـۇھەببىتىنىڭ
ئـەينەن ئـىپادىسىدۇر. ھـەممىمىزگە مـەلۇم، ئـافراسىياپ
تۇران خەلقلىرىنىڭ مىلادىدىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇن يا-
شىغان خاقانى (بەزىلەر ئۇنى مـىلادىدىن بـۇرۇنقى 6-،7-
ئەسىرلەردە دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر مىلادىدىن بۇرۇن-
قى 550-يىلىدىن 520-يىللارغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئىـران
شاھى دارانىڭ يىل-دەۋرى بىلەن ئـوخشاش دەپ قـاراي-
دۇ، بۇ ھـەقتە ھېچكىم تـېخى كـىشىنى قـايىل قـىلىدىغان
ئـىلمىي ئـىسپاتلارنى تـاپالمىدى). مـەھمۇد كـاشغەرىينىڭ
ئۇنى قەشقەردە ياشىغان دەپ ئېيتىشى ھەم ئاپتورنىڭ نە-
زەرىدىكى تـۇرانىيلارنىڭ خـاقانى ئـافراسىياپقا بـولغان
يۈكسەك ئېتىخار ھەم قەشقەرگە بولغان قىزغىن مۇھەببەت-
نىڭ نەتىجىسىدۇر خالاس. شۇنداقلا، ئۈچ توملۇق ئـەس-
رىدە 50 نەچچە قېتىم قەشقەرنى تىلغا ئـالغان. بۇ ئـۇنىڭ
ئانا يۇرتى كاشغەرىيگە بولغان ئوتتەك مېھىر-مۇھەببىتى-
نىڭ مەھسۇلىدۇر. ئەينى دەۋرلەردە يەنى ئوبۇلقاسىم فىر-
دەۋسىنىڭ «شاھنامە» داستـانى يېزىلغان ۋە ئـۇنىڭدىنمۇ
ئىلگىرىكى دەۋرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلەرنىڭ نـەزەرد-
دە شۇ چاغدا ئاسىيا دائىرىسىدە ئـىككىلا قـوۋم بـار دەپ
قارالغان. بىرى ئىرانىيلار، يـەنە بـىرى تـۇرانىيلار. بۇلار
تارىختا بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقى ۋە تۈزلەڭلىكلىرد-
نى پاسىل قىلغان ھالدا نـاھايىتى كۆپ قېتىم ئـۇرۇشقان.
فـىردەۋسىنىڭ «شـاھنامە» داستـانىمۇ مـۇشۇ ئـىككى
قوۋمنىڭ (قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ياكى شۇ ۋاقىتتىكى مىللەتلەر
چوڭ گەۋدىسى ـــ ئاپتوردىن تـولۇقلىما) ئـۇرۇشلىرى ۋە
قەھرىمانلىرىغا بېغىشلانغان. مەھمۇد كـاشغەرىينىڭ ئـافرا-
سىياپنى قەشقەردە تۇرغان دېيىشى بىرى قـەشقەردە يـاشـ-
ىغۇچىلارنى ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادى دېگەن پىكرنى ئـىلگـ-
رى سۈرۈش، يەنە بىرى ئـۇنىڭ قـەشقەردە يـاشىغانلىقىنى
تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قـەشقەرنى
ناھايىتى يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

يەر ناملىرى تەتقىقـاتچىسى نىياز كـېرىمى تـۆپە ئـاتا «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى» ناملىق ئـەسىرد-
دە قەشقەر ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان: «بـۇ
يەرنىڭ قەلئەسى بار، بازىرى بار، غـەربىي يـۇرت بـويىچە
ھەممە دۆلەتلەردىن چوڭراق ھەمدە كوچىلىرى گـىرەلەشـ-
كەن، بازارلىرى تۇتاشقان، رەڭگارەڭ ئۈنچە-مەرۋايىتلار
ھەمىشە تېپىلىدىغان، چارۋا، مېۋە-چېۋىلەر سـاناپ تـۈگەت-
كـۈسىز ئـاۋات جـاي بـولـۇپ، ھــەرقايسى دۆلـەتلـەردىن
كەلگەن كارۋانلىرى ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان، سودىسى ئىنـ-
تايىن گۈللەنگەن قاتناش تۈگۈنى ئىدى»②. بىـز بـۇنىڭـ-
دىن يۇقىرىدا دېيىلگەنلەردىن باشقا قەشقەرنىڭ شەھەر مە-
دەنـىيىتى، قـەلئەلىرى، مېۋە-چـېۋىلىرى ۋە يـەر ئـاستى-
ئۈستى بايلىقلىرى بىلەن ناھايىتى داڭلىق ئىكەنلىكىنى كۆ-
رۈۋالالايمىز. بۇلارمۇ كاشغەرىينىڭ ئـەزىزلىكىنى كۆرسە-
تىپ تۇرىدىغان مۇھىم ئىسپاتلارنىڭ بىرىدۇر.

قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن ئوغلانلار قەشقەردە تۇغۇ-
لۇپ ئۆسكەنلىكى، ياشىغانلىقى ۋە ئىجادىيەت بـىلەن شۇ-
غۇللانغانلىقىدىن پەخىر ھېس قـىلغان ۋە مـۇقەددەس نـام
«كاشغەر»نى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغان، مىلادى 10-ئە-
سىرلەردىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ئابدۇلغاپ-
پار بىننى ھۈسەيىن كاشغەرىي، ھۈسەيىن ئىبنى خەلق كاش-
غەرىي، رابىيە كاشغەرىي، ئىمادىدىن كاشغەرىي، جامالىدىن
كاشغەرىي، رەشـىد ئـىبنى ئـەل كـاشغەرىي، مـوللا تـوختى
كاشغەرىي، مۇھەممەد ياقۇپ بـىننى ئـۆمەر روزى كـاشغە-
رىي، مەھمۇد كـاشغەرىي، زۇلپـىيە كـاشغەرىي، مـۇھەممەد
ئىبنى رەشىد ئـىبنى ئـەلى كـاشغەرىي، زەيـنىدىن كـاغراقى
كاشغەرىي، موللا ئەيسا بىننى موللا تاشمۇھەممەد كـاشغە-
رىي، موللا ئىلمۇددىن بىننى موللا مـۇھەممەد كـاشغەرىي،

---

①خۇاتاۋ: «8-، 10-ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» (ئۆمەرجان نـۇرى تـەرجىمىسى)، قـەشقەر ئـۇيغۇر نەشرىياتى، 2003-يىلى نەشرى، 252-،253-بەتلەر.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، 1-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى، 41-بەت.

③ نىياز كېرىمى: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى كارۋان يوللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى نەشرى، 58-بەت.

ئابدۇرېھىم بىننى مۇھەممەد فازىل كاشغەربي، ئابدۇلقادىر بىننى موللا بەھادۇر كاشغەربي، موللا ئابدۇسەمەت كاشغەربي، ئابدۇل ئەلى سىرمەنى كاشغەربي، مەۋلانا سەئىددىن كاشغەربي، مىرزا ھەيدەر كاشغەربي، موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەربي، مۇھەممەد ئابدۇل ئەلى كاشغەربي، موللا مىرسالىھ كاشغەربي، مۇھەممەد سادىق كاشغەربي، كىپەك سوپى كاشغەربي، ئەھمەد پەرىدە ئابباس كاشغەربي، موللا سەنجەر ئىبنى ئىبراھىم كاشغەربي، سەئىدى جېلىل كاشغەربي، مۇتربان كاشغەربي، خىسلەت كاشغەربي، سۇلتان مالىك كاشغەربي، موللا توختى خەلپەت كاشغەربي، ئىبنى مۇھەممەد كاشغەربي، ھاجى ئابدۇلبوۋاقى كاشغەربي، موللا مۇھەممەد شەمشىددىن كاشغەربي، ئابدۇللا نىدايى كاشغەربي، مۇھەممەد ئەبەيدۇللا كاشغەربي، مۇھەممەد ئابدۇ ئەلى كاشغەربي، موللا ياقۇپ بىننى ئۆمەر كاشغەربي، مۇھىددىن كاشغەربي، موللاتوختى خەلپەت كاشغەربي، ھاجى ئابدۇلباقى كاشغەربي، موللا مۇھەممەد شەمشىددىن كاشغەربي، موللا شىجائىددىن كاشغەربي، ئابدۇرېھىم ئىبنى مۇھەممەد فازىل كاشغەربي، ئابدۇقادىر ئىبىن موللا باھادىر كاشغەربي، موللا توختى ئىبنى موللا نۇرمۇھەممەد كاشغەربي، ئابدۇقادىر ئىبنى موللا باھاۋۇدۇن كاشغەربي، مۇھەممەد ئىبنى رەشىد ئىبنى ئەلى كاشغەربي، ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس كاشغەربي، مىرسەئىد جېلىل كاشغەربي، مۇھەممەد ئابدۇلئەلى كاشغەربي، خاجەشەرىف كاشغەربي، يۈسۈف ھاجىم قاتارلىق ئەللامە، ئەدىب، خەتتات، شائىر ۋە تېبابەتشۇناس ۋە باشقا ئىلىم-پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئاتەملەر كاشغەرىينى تەخەللۇس قىلغان. بۇ بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ كاشغەرىيدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىدىن چەكسىز پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن كاشغەربي مەدەنىيىتىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر خالاس. بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئەھۋال، بەزى ئەدىبلەر ئۆزى گەرچە كاشغەرىيدە تۇغۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى كاشغەرىيگە بولغان ئوتتەك مۇھەببىتى، ئىنتىلىشلىرىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپ قوللىنىش ئارقىلىق قالدۇرغان ۋە كۆڭلى ئەمىن تاپقان. بەزىلىرى كاشغەرىيگە بىر كېلىپ زىيارەت قىلالماي ئارماندا كەتكەن، بەزىلىرى بۇ تەخەللۇسنى ئاتا-بالا ۋارىسلىق بويىچە قوللانغان ئەھۋاللارمۇ بار، بۇلارمۇ كاشغەرىيگە بولغان يۈكسەك ھۆرمەت، ئىپتىخار ۋە قايىللىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.

بىز بۇ ھەقتە يەنە شۇنداق يەكۈننى چىقىرالايمىزكى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تارىخىدا ئۆزى تۇغۇلغان يۇرت نامىنى ئۆزىنىڭ تەخەللۇسى قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نامىنى يۇرتىغا بېغىشلاش، ئۇنى تەخەللۇس قىلىش، بۇ زېمىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىدىن ئەبەدىي پەخىرلىنىش ۋە يۇرت نامى بىلەن ئۆز نامىنىڭ مەڭگۈ باغلىنىشىنى ئۈمىد قىلغان ئاساستا ئۆز يۇرتىنى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلىتىش بىر خىل يۈزلىنىشنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر يۇرت ناملىرىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىش جەھەتتە «كاشغەر»نى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلىتىش باشقا يۇرت ناملىرىدىن ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتكەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فاراب، خوجەند، بۇخارا، خارەزىم، ئەندىجان، سەمەرقەند قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەرنى تەخەللۇس قىلغان ئەدىبلەرمۇ خېلى بار، شىنجاڭدا بولسا يەركەن، ئاقسۇ، خوتەن، قاراقاش ۋە قومۇل قاتارلىق يۇرت ناملىرىنى تەخەللۇس قىلغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. لېكىن كاشغەرىينى تەخەللۇس قىلغان مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنىڭ سانى يۇقىرىقىلاردىن ھەسسىلەپ كۆپ بولغان. ئالايلۇق، «خوتەن»نى تەخەللۇس قىلغانلارمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى 15 (مەن بۇلارنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ‹خوتەن›نى تەخەللۇس قىلغان ئەدىبلەر» («شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2011ـ يىللىق 2ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان) ناملىق ماقالەمدە بۇ ھەقتە توختالغان ۋە «خوتەن»نى تەخەللۇس قىلغان ئەدىبلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەن. بۇلارنىڭ سانى پەقەت 15 بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان بولۇشى ئېنىق. مېنىڭ ماتېرىيال مەنبەلىرىم ۋە كۆرگەنلىرىمنىڭ چەكلىك بولۇشى بىلەن مۇشۇنچىلىك تاپالىغاندىم. بۇلاردىن باشقا يەنە «قاراقاش»نى تەخەللۇس قىلغانلار 14 (بۇ ھەقتە «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا ‹قاراقاش›نى تەخەللۇس قىلغان ئەدىبلەرگە ناملىق ماقالەم «ئاقسۇ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 2011ـ يىللىق 4ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان، بۇلارنىڭ سانى ئون نەچچە ئەتراپىدا)، «ياركەند»نى تەخەللۇس قىلغانلار 20 نەچچە ۋە باشقا يۇرت ناملىرىنى تەخەللۇس قىلغانلار بۇ ساندىن ئاز. بىز بۇنىڭدىن «كاشغەربي»دە ياشىغانلارنىڭ تەخەللۇس قىلىپ ئىشلىتىش بەدىلىگە ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە «كاشغەربي»نى ئىنتايىن ئەزىز

كۆرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەدىبلىرى
ئادەتتە ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنىڭ نامىنى ئۆزىد-
گە تەخەللۇس قىلىپ ئىشلىتىش بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلان-
غان ۋاقىتلاردا ئۇلار كۆپرەك ھالدا «بۇخارىي، سەمەر-
قەندىي، ئەندىجانى، خارەزىمىي» دېگەندەكلەرنى
كۆپرەك ئىشلەتكەن. چۈنكى بۇ جايلار ئەينى ۋاقىتلاردى-
كى ئىلىم -مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىدىن ئىدى.
بۇ جەھەتتە شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادا
ئۆز يۇرت نامىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغانلار ئىچىدە
«كاشغەر»نى تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەنلەر باشقىلاردىن
ھەسسىلەپ كۆپ ئىدى. بۇ بىر تارىخىي ھەقىقەت. بۇ ئەل-
ۋەتتە كاشغەرىيگە سىڭگەن بىر خىل مەدەنىيەت روھى ۋە
قايىللىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. دىققەت قىلىشقا تې-
گىشلىك يەنە بىر تەرەپ تېخى بەزىلىرى كاشغەرىيدە تۇ-
غۇلمىغان بولسىمۇ شۇنداقتىمۇ ئۇنى تەخەللۇس قىلغان،
بۇمۇ ئۇلارنىڭ كاشغەرىيگە بولغان ئىنتىلىش، قايىللىق ۋە
ئۇنىڭدا يارىتىلغان پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسگە ياندى-
شىش، ئۇنىڭغا بولغان قايىللىق ۋە باشقا مەنىۋى پائالىيەت-
لەرنىڭ مۇجەسسەمى ئىدى.
بۇنىڭدىن باشقا بۇ دىياردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تا-
رىخشۇناسلاردىن ئالايلۇق ئابدۇل جاپپار ئالمائىينىڭ
(11 ـ ئەسىردە ياشىغان) «كاشغەرىي تارىخى» ناملىق كى-
تابىدىن باشلاپ ئىمىر ھۈسىين قارىھاجىمنىڭ (1985 ـ
يىلى ھەج قىلىپ قايتاشىدا ئالمۇئاتادا ۋاپات بولغان)
«كاشغەرىي تارىخى» ناملىق ئەسىرى يېزىلغان ۋاقىتلارغا
قەدەر يەتتە ئاپتور «كاشغەرىي تارىخى» دېگەن نامدا
ئەسەر يازغان. بۇلارنىڭ «كاشغەرىي تارىخى» نامدا يې-
زىلغان تارىخىي ئەسەرلىرىدە نوقۇل كاشغەرىينىڭلا تارى-
خى سۆزلەنمەستىن، باشقا يەنە شىنجاڭ، ھەتتا ئوتتۇرا ئا-
سىيادىكى بىر قىسىم شەھەرلەرنىڭ تارىخلىرىمۇ قوشۇلۇپ
خاتىرىلەنگەن ۋە بايان قىلىنغان. بۇمۇ ئاشۇ ئاپتورلارنىڭ
ئۇيغۇر يۇرتىنىڭ تارىخىنى يازغاندا «كاشغەر تارىخى» نا-
مىدا يېزىشى كاشغەرىيگە بولغان بىر خىل مۇھەببىتىنى ۋە
ئۇنى باشقا يۇرتلارغا قارىغاندا كاشغەرىينى ئۈستۈن كۆر-
گەنلىكىنى ۋە ئەزىزلىگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.
11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب، پارس تارىخچىسى
گەردىزى «زەينۇل ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە قەشقەر
ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «بۇ يەردە مېۋە-
چىۋە ناھايىتى كۆپ. ئارپا، بۇغداي، قوناقنىڭ كۆپلۈكى-
دىن ئاياغ بېسىپ ماڭغىلى بولمايدۇ. باغۋەنچىلىك ئىشلى-
رى شۇنچىلىك تەرەققىي قىلغانكى، ئالما، ئۆرۈك، ئامۇت
دېگەنلەر يولدا چېچىلىپ ياتىدىكەن. خۇسۇسىي يىپەكچى-
لىك ئىشلىرى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغانىكەن...، بۇ
يەرنىڭ سۇلىرى شۇنداق ئەلۋەك (مول) بولۇپ، سۇ تې-
گىدە قىسما ـ قىسما ئېسىل مەرۋايىت تاشلار، يەر ئاستىدا
ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر كۆمۈلۈپ ياتىدىكەن. ئۇيغۇرلار بۇ
تاشلاردىن ھەرخىل زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساپ
ساتىدىكەن»①.
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كاشغەر ھەققىدە مەدھىيە ناخشى-
سىنى ياڭراتمىغان شائىرلار ئاز بولسا كېرەك. بۇ ھەقتە
كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى شائىرلاردىن گۇمنامنىڭ شې-
ئىرلىرىنى مىسال تەرىقىسىدە كۆرسىتەيلى.
شائىر كاشغەر ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:
يۇرتىنى ئۇنتار بولۇر، ھەركىم دۇچارى كاشغەر.
بۇنىڭ مەنىسى كىمكى كاشغەرىيگە بىر قېتىم بېرىپ
قالسا، ئۆزىنىڭ يۇرتىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ دېگەندىن ئىبا-
رەت. يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە گۇمنامنىڭ
بۇ غەزىلىنىڭ تولۇق نۇسخىسىنى ئوقۇرمەنلەر دىققىتىگە
سۇنۇشنى لايىق تاپتىم.

مەزرەئى لۇتفى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئەلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر مەزارى كاشغەر.

ئىشق ـ ئۇلفەت چەشمەسىدىن دەردۇ ـ مېھنەت جۇش ئەتەر،
تۇپراغى ھەسرەت بىلەن بىتكەن ھىسارى كاشغەر.

دىلرەبالار باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەگەي،
بىر نىگاھى غەمزەسىدىن گۈلئۇزارى كاشغەر.

ئابى رۇكنەبات گۈلەشتى مۇسەللا سەھل ئەرۇر،
خۇلدىدىن ئەفرۇن تۇمەنىمىڭ لالەزارى كاشغەر.

ئەيش ئېلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئەشرەت ئىشى،
چۇن سۇلەيمان دەۋلەتىدۇر خارزارى كاشغەر.

① ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (1 ـ قىسىم، 1 ـ كىتاب)، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئا-
شۇرۇش بۆلۈمى باستۇرغان، 1982 ـ يىلى نەشرى، 7 ـ بەت.

ئۇد، ئەنبەر تۇپراغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۈيى،
دۇررۇ مەرجان تاشلارىدۇر كوھسارى كاشغەر.

يا پەرى، يا ھۆرى، يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەر كىم دۇچارى كاشغەر.

ھۇشمەندۇ دەردمەندۇ مەردۇزەن لەبى چۇ قەند،
نارى خەندان، سىيبى رەئنا ھەر نەبارى كاشغەر.

كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۇمنامنىڭ يايلاغىدۇر،
دىلكۇشا، ئىشرەتفەزا ھەر سەبزەزارى كاشغەر.

مانا بۇ لىرىك شائىر گۇمنامنىڭ يۈكسەك ئىپتىخار ۋە مۇھەببەتكە تولغان مەشھۇر ئەسىرى ۋە كاشغەر مەدھىيەسىدىكى ۋەكىللىك ئەسەردۇر.

بۇنىڭدىن باشقا كاشغەر دىيارىدا ئۆتكەن تارىخشۇناس ۋە تەزكىرىچىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلىرىمۇ يۇقىرىقى كۆز قارىشىمىزنى قۇۋۋەتلەيدىغان مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇلار بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ: «شائىر مۇھەممەد سادىق زەلىلى ۋە مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ «دىۋان زەلىلى»، «سەپەرنامە»، «تەزكىرەئىي ئەزىزان» قاتارلىق ئەسەرلەردە بېرىلگەن تەبىرلەرگە ئاساسلانغاندا، سۇتۇق بۇغراخان، ئەبۇ نەسىر سامانى، شەيخ ھەببى، ئىمادىدىن كاشغەرىي، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئىمام زاھىت ھۈسەيىن پەيزۇللا، خوجا ياقۇپ، ئىمام زاھىت خەلەپ، ئەبى ھۈسەيىن، ئىمام زاھىت خۇتبىدىن، مۇسا بۇغراخان، ئوسمان بۇغراخان، ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن كاشغەرىي، بىبى مەريەم بىننى سۇتۇق بۇغراخان، تۇركەن خاتۇن — نۇر ئەلانۇرخان بىننى سۇتۇق بۇغراخان، يۈسۈپ قادىرخان، سەيىد جالالىدىن باغدىدى، خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ بىننى مەخدۇم ئەزەم ئوغلى مۇھەممەد ئىمىن، خوجا ھىدايىتۇللا ئاپپاق، مىرات باخشى ئاتا، بىبى مەسۇم ئەزىزەم ئىپارخان قاتارلىقلارنىڭ كاشغەر شەھىرى ئەتراپىدا ئاتۇش، بەشكېرەم، قازئېرىق، دۆلەتباغ، قاراقىر، پايناپ، ئەسكىھىسار قاتارلىق جايلاردا «گويا ئاسماندىن چۈشكەن يۇلتۇزلاردەك مۇبارەك مەقبەرىلىرى بار. شۇڭا مۇشۇنداق ئەزىزلەر ھۆرمىتىگە كاشغەر شەھىرى ‹ئەزىزانە كاشغەر› دەپ ئاتالغان، بۇ يەرنىڭ خەلقىمۇ ئەزىز بولغۇسىدۇر دەپ رىۋايەت قىلىدۇ»②، بۇلار كاشغەرىيدىكى ئۇلۇغ مازار ۋە يۇرت كاتتىلىرىنىڭ ھۆرمىتى بەدىلىگە كەلگەن كاشغەر مۇھەببىتىنىڭ نېگىزلىك ئىپادىسىدۇر.

شەرق قىزغىنلىقى ۋە 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تاكى 20- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شىنجاڭ، جۇملىدىن قەشقەرگە كەلگەن دىن تارقاتقۇچىلار، سەيياھلار، ئېكسپېدىتسىيەچىلەر، ئارخېئولوگلار ۋە باشقىلار قەشقەر ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان، شۇنداقلا ئۇلارمۇ قەشقەرگە بولغان بىر خىل مۇھەببىتىنى، قايىللىقىنى ۋە مەمنۇنىيىتىنى بىلدۈرگەن.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ 16- ئەسىردە يېزىلغان «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە قەشقەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان بولۇپ، بۇ قەشقەرنىڭ ئەزىزلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرىدۇر. ئاپتور بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان: «بىلىش كېرەككى، كاشغەر مەشھۇر ۋە قەدىمىي شەھەردۇر. قەدىمكى زامانلاردا كاشغەرىينىڭ سۇلتانلىرى ئافراسىياپ تۈركىنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئاپتور يەنە «جامى گىتىنەماي» ناملىق قەدىمىي كىتابتا قەشقەر ھەققىدە «كاشغەر تۈرك شەھەرلىرىنىڭ كاتتىسىدۇر» دېيىلگەن سۆزنى نەقىل ئالغان. بۇ ھەقتە ئۇ يەنە ئەگەر شەھەر خەلقى كاشغەرىيگە بارسا، كاشغەرىينى سەھرا كۆرىدۇ. ئەگەر سەھرا خەلقى كۆرسە، شەھەر خىيال قىلىدۇ. دېمەك، كاشغەر فىردەۋس (جەننەت) ماكان شەھەرلەرگىمۇ، دوزاخ نىشان سەھرالارغىمۇ مەنسۇپ دېيىشكە بولىدىغان ئەئراف (جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقىدىكى ئورۇن)، بولۇپمۇ بۇ يەر ياتلارنىڭ خەتىرىدىن يىراق، چەت جاي بولۇپ، پېقىردەك قانائەتچان، ئۆي- ئوتاقنى غەنىيمەت بىلىدىغانلار ئۈچۈن تىنچ ماكاندۇر. ئۆتكەن ئەزىزلەرنىڭ بەرىكىتىدىن تەرىقەت ئەھلىگە بۇ ۋىلايەتتە مۇۋەپپەقىيەتلەر ھاسىل بولدى. مەن سۇلۇك ئەھلىنىڭ نۇرغۇنلىرىدىن ئاڭلىدىم. ئۇلار: «ئەگەر بۇ ۋىلايەتتىن باشقا دىيارغا بارساق، ئۆزگە دىياردا بۇ يەردىكىدەك

① ئەممەت دەرۋىش، مۇنەۋۋەر ئابلىزلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات» (2) قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002- يىلى 9- ئاي نەشرى، 226- ، 227- بەتلەر.

جەمئىيەتكە مۇيەسسەر بولغىلى بولمايدۇ» دېيىشىدۇ. ئۇلار شۇ سەۋەبتىن كاشغەرىيىنى كۆپ ئەسلەيدۇ، بۇ شەرەپ ئۇنىڭغا يېتەرلىكتۇر»①.

چەت ئەل سەيياھلىرى ئارىسىدا كاشغەر ھەققىدە نىسبەتەن ئەڭ دەسلەپ ياخشى ۋە ئىشەنچلىك مەلۇمات قالدۇرغىنى ئىتالىيەلىك سەيياھ ماركوپولو بولۇپ، ئۇ كاشغەر ھەققىدە مۇنداق يازغان: «بىز ئاخىر قەشقەر دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدۇق. رىۋايەت قىلىنىشىچە بۇ يەر قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھلىق دۆلەت ئىكەن. لېكىن بۇ ھازىر ئۇلۇغ خاننىڭ زېمىنىغا ئايلىنىپتۇ. ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىكەن. بۇ يەرنىڭ زېمىنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، شەھەر-راباتلىرى ۋە قەلئە-قورغانلىرى كۆپ ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ئەڭ مۇھىمى ھېسابلىنىدىكەن. خەلقى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تىلى بىلەن سۆزلىشىدىكەن. ئۇلار سودا-تىجارەت ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن، بولۇپمۇ توقۇمىچىلىق خېلى تەرەققىي قىلغانىكەن. ئۇلارنىڭ چىرايلىق باغلىرى، مېۋىزارلىقلىرى ۋە ئۈزۈمزارلىقلىرى بار ئىكەن. كېۋەز، زىغىر ۋە كەندىرنىڭ مەھسۇلاتلىرىمۇ مول ئىكەن، بۇلارنى مۇشۇ دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدىكەن»①.

تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن تۇنجى بولۇپ قەشقەرگە كەلگەن سەيياھ ۋە ھەربىي، جۇغراپىيەشۇناس چۇقان ۋەلىخانوف قەشقەرنىڭ ئىقلىمى ھەققىدە توختىلىپ: «ئادەمگە يېقىشلىق، سالامەتلىككە پايدىلىق، ياتلارنىمۇ يەكلىمەيدۇ. قىش پەسلى قىسقا، تۈزۈك قار ياغمايدۇ» ② دەپ يازغان. شائىر مەشرەپ قەشقەر ھەققىدە توختىلىپ: «قەشقەر داڭقى ئالەمگە پۈر كەتكەن شەھرى ئەزىمدۇر، بۇ يەردە گۇمراھلار ئورنىدا كامىللار تۇرۇر»③دېگەن.

شۇڭا ئۇ كاشغەرىيگە بولغان مانا مۇشۇنداق يۈكسەك مۇھەببەت ۋە ئىنتىلىشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كاشغەرىيگە كەلگەن ھەمدە ئۇنىڭ باشقا جايلىرىدا ساياھەتتە بولغان.

بۇلاردىن باشقا قەشقەردە نىسبەتەن ئۇزاق تۇرغانلاردىن دىئانىنا سېپتون: «قەشقەر مېنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان، ھەتتا چۈشۈمدىمۇ تەلپۈنىدىغان جايى ئىدى...، شىنجاڭدا ئۆتكەن چاغلارنى «قەدىمكى ماكان» دەپ ئاتالغان يىراق ۋە سىرلىق بۇ جاينى چوڭقۇر مۇھەببەت ۋە مىننەتدارلىق ھېسسىيات بىلەن مەڭگۈ ئەسلەيمەن ۋە سېغىنىمەن» ① دەپ يازغان. 1948-يىلى نەنجىڭدىن ئۈرۈمچى ئارقىلىق قەشقەرگە كەلگەن فىرانسىيەلىك مۇخبىر ئانىنا فىلىپمۇ قەشقەرنى «غەربىي شىمالدىكى گۈزەل بوستانلىق»، «بىر پارچە گۆھەر زېمىن» ۋە «قۇملۇق جەننىتى» دەپ سۈپەتلىگەن.

يىپەك يولىدىكى نۇرلۇق مەرۋايىت دەپ ئاتالغان قەشقەر ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە: قەشقەر غەربلىكلەرنىڭ جۇڭگوغا كىرىشىدىكى تۇنجى ئۆتكەل. بۇ يەرنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ئادەمنى جەلپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى شەھەرلىرى ناھايىتى ئاۋات. سودىسى روناق تاپقان دەپ خاتىرىلەنگەن. قەشقەرنىڭ شەرق-غەرب قاتنىشىدىكى ئالاھىدە ئىستراتېگىيەلىك ئورنى مۇھىم بولغانلىقتىن غەربلىكلەر ھىندىستاندىن جۇڭگونىڭ ئىچكىرىسىدىكى جايلارغا كىرىپ تەكشۈرۈش ياكى ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنى ئېلىپ بارغان ياكى جۇڭگو چېگراسى ئىچىدە يىپەك يولىنى بويلاپ قۇرۇقلۇق ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جايلارغا بارغاندا قەشقەر بۇ جەرياندا چوقۇم ئۆتىدىغان مۇھىم ئۆتكەل ئىدى دەپ خاتىرىلەنگەن. ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى ياڭ خازبەندنىڭ خاتىرىسى ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مەلۇماتلاردا تۆ-

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخىي رەشىدىي» (مۇھەممەدتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى 7-ئاي 1-نەشرى، 616-، 631-، 645-، 638-بەتلەر.

① ماركوپولو: «ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى» (سەلىمخان ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991-يىلى 2-ئاي نەشرى، 82-، 83-بەتلەر.

② ۋېي چاڭخۇڭ، خې خەنمىن: «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ساياھەت خاتىرىلىرى» (خەنزۇچە نەشرى)، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى، 1994-يىلى 9-ئاي نەشرى، 74-بەت.

③ خەيرىددىن بەگمەت (ئۆزبېكىستان): «مېھرىبانىم قايدىسەن» (روزىمۇھەممەد مۇتەللىپ ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان)، شىنجاڭ ئۈن-سىن، فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2011-يىلى نەشرى، 110-بەت.

ۋەندىكىدەك خاتىرىلەنگەن: «ئاخىر قەشقەر تۈزلەڭلىكـ
گە قەدەم باسقاندا، ئۇنىڭ ئالدى بىردىنلا يورۇپ كەتتى.
بۇ يەردىكى ئاھالە باشقا يەردىكىدىن كۆپ ئىدى. يەرلەر
باشقا يەردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تولۇقلىنىپ تېرىلاتتى،
قەشقەرنىڭ سودا ئىشلىرى ئىنتايىن گۈللەنگەنلىكى بىلەن
داڭق چىقارغانىدى. ياڭ خازبەند يەنە قەشقەر شەھىرىگە
كىرگەندە خۇددى يەنە قايتىدىن مەدەنىيەت بوسۇغىسىغا
قەدەم قويغاندەك ھېس قىلغان»②. بۇمۇ ئەلۋەتتە قەشـ
قەرنىڭ مەدەنىيەت ئورنىغا قارىتا ئېيتىلغان يۇكسەك مەمـ
نۇنلۇق ۋە قايىللىق تۇيغۇسىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەينى
ۋاقىتتا ياڭ خازبەند دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئەل ــــ
ئەنگلىيەدىن كەلگەن ئېكسپېدىتسىيەچى. ئۇنىڭ شۇنداق
تەرەققىي قىلغان ئەلدىن بۇ يەرگە كېلىپ خۇددى مەدەنىـ
يەت دەۋرىگە كىرگەندەك تۇيغۇدا بولدۇم دېيىشى ئادەمـ
نى ئويلاندۇرىدىغان بىر مەسىلىدىن ئىبارەت. مېنىڭچە بۇـ
نىڭمۇ جاۋابى يەنىلا كاشغەرىينىڭ ئەزىزلىكىدىن ۋە بۇ
يەردە يارىتىلغان قەدىمىي مەدەنىيەتكە بولغان قايىللىق ۋە
مەمنۇنلۇقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا
ئۆتكەن تارىخ ئالىمىمىز موللا مۇسا سايرامى ئۇيغۇر
يۇرتلىرىدىن قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، ئۇچتۇرپان، كۇچا
قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسى ھەققىدە
توختىلىپ قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە مۇنداق مەلۇـ
ماتلارنى يازغان: «قەشقەر قەدىمىي شەھەر بولۇپ، ئاـ
دەملىرى ئۆلىما ۋە ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت
بولۇشقا ئامراق. جاپا چېكىشكە ۋە سەپەر قىلىشقا ھېرىس،
دوستلۇق ۋە ئۈلپەتچىلىكتە نازۇك ۋە ئىنچىكە، ئاقىل ۋە
دانا. يامان ئادەملەرگە نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ، قەشقەردە
ئىلىم ئەھلى ۋە ئۆلىمالار راۋاج تاپىدۇ. تىجارەتچى سوـ
دىگەرلەر، دېھقانلار ئۇشرە ـ زاكاتنى ۋاقتىدا تاپشۇرىدۇ
ۋە ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى جەھەتتە باشقا شەھەر
ئادەملىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. خۇسۇسەن ئۆلىمالارنىڭ
راۋاجى، سودىگەر تىجارەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتىدا گويا
«ئىككىنچى بۇخارا» دەپ ئاتالسا ھەرگىز مۇبالىغە
بولمايدۇ»③. بۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان تارىخـ
شۇناس ئالىمنىڭ قەلىمىدىكى قەشقەر ھەققىدىكى بايانلار.
بۇنىڭغىمۇ قەشقەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت ئەنـ
ئەنىسى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئورنىنىڭ سىماسى
ئەكس ئېتىپ چىن دىلىدىن ئېيتىلغان يۈرەك سۆزى،
خالاس.

ئۇنىڭدىن باشقا بىز ئادەتتە چوڭلارنىڭ ئېغىزىدىن
«ئەزىزلىنەي دېسەڭ قەشقەرگە بار، غېرىبلىناي (بۇ يەردە
يەكەننىڭ سۇپەت سۆزى ‹پىرىيانە› بىلەن تۇرپاننىڭ
سۇپەت سۆزى ‹غېرىبانە› ئارىلىشىپ كېتىلگەندەك قىلىدۇ)
دېسەڭ يەكەنگە بار» دەيدىغان سۆزنى ئاڭلاپ تۇرىمىز.
بۇمۇ ئەل ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئاتىلار سۆزىدىن ئىباـ
رەت، بۇنىڭغىمۇ ئەلۋەتتە يۇقىرىدا دېيىلگەندەك بىر قاتار
ئامىللار سىڭگەن ئەلۋەتتە.

1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، فىزىكا ئىلمى بويىچە
نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پاكىستانلىق ئالىم، 3 ـ
دۇنيا ئەللىرى فىزىكا ئاساسىي زەرەتلەر تەتقىقات ئورـ
نىنىڭ مۇدىرى، دوكتور مۇھەممەد ئابدۇسالام تەكلىپ
بىلەن قەشقەرگە كەلگەن. ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن ـ
تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە قەشقەرـ
دىكى ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئورۇنلىرىـ
نىڭ ۋەكىللىرى بىلەن پاراڭلاشقان. 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ
كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن قەشقەر خەلق باغچىسىنىڭ ئۈزۈمـ
زارلىقىدىكى سۆھبەتكە قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر ساھە
زاتلار، ئوقۇتقۇچىلار، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى، مەـ
دەنىيەت ئەربابلىرى ۋە نەشرىيات خادىملىرى قاتارىدا

① دىئاننا سىپتون (ئەنگلىيە): «قەدىمكى ماكان» (مەريەم مەمتىمىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 2 ـ ئاي نەشرى، 1 ـ بەت.

② «غەرب ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ نەزەرىدىكى قەشقەر» (قادىر راخمان تەرجىمىسى)، «مىراس» ژۇرنىلى، 2006 ـ يىللىق 3 ـ سان، 24 ـ بەت. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار يەنە گېرمانىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى تېرىنكىرنىڭ «ئاخىرلاشمىغان ئېكسپېدىتسىيە» ناملىق كىتابىدىمۇ ئېنىق خاتىرىلەنگەن.

③ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخي ئەمنىيە» (مۇھەممەد زۇنۇن نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 2 ـ نەشرى، 398 ـ بەت.

ئابدۇرېشىت قارىم سابىتمۇ ① بار ئىكەن. شۇ ۋاقىتتىكى
پائالىيەتكە نەق مەيدانغا قاتناشقان ھەمدە دوكتور ئابدۇ-
سالام بىلەن ئابدۇرېشىت قارىم سابىتنىڭ دىيالوگىنى ئاڭ-
لىغان مۇھەممەد تۇرسۇن ئىبراھىمى مۇنداق يازىدۇ: «ـ
ئابدۇرېشىت قارىم سابىتنىڭ ئوردۇ تىلىدىكى راۋان تەلەپ-
پۇزىغا قايىل بولغان مۇھەممەد ئابدۇسالام: «سەن ئوردۇ
تىلىنى كىمدىن ۋە قەيەردىن ئۆگەندىڭ؟» دەپ سورىغان-
دا، ئۇ: «مەن ئوردۇ تىلىنى قەشقەردە، ئۆز ئاتام سابىت
ئاخۇن خەلپىتىمدىن ئۆگەنگەنىدىم» دەپ جاۋاب
بەرگەن. بۇ يەردىكى سۆھبەتتە دوكتور مۇھەممەد ئابدۇ-
سالام قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن كۆرگەن جايلار، ھەر
خىل زىيارەتگاھلار، مەشھۇر مەسچىت ۋە مەدرىسلەرگە
قاراپ ھاياجانلانغان تەسىراتىنى چىقىش قىلىپ: «مۇھەم-
مەد بابۇرشاھ سەمەرقەند، بۇخارالارنى دۇنيانىڭ جەننىتى
دېگەن بولسا، مەن قەشقەرنى دۇنيانىڭ جەننىتى دەيمەن»
دېگەندە، ئابدۇرېشىت قارىم سابىت زور پەخىرلىنىش
ھېسسىياتى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى سۆھبەت ئەھلىگە تەرجى-
مە قىلىپ بەرگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈ-
رۈپ بېشىدىكى يېڭى چىمەن تاشكەنت دوپپىسىنى ئۇنىڭغا
تەقدىم قىلغان»②. دېگەندەك بابۇر «بابۇرنامە» ناملىق
ئەسىرىدە سەمەرقەندنى ناھايىتى زوق-شوق بىلەن دۇنيا-
نىڭ جەننىتى دەپ ئاجايىپ تەرىپلەيدۇ ۋە ماختىنىدۇ، ئۆ-
زىنىڭ سەمەرقەندتە ياشىغانلىقىدىن ئالەمچە خۇشال بولى-
دۇ. ئالىم مۇھەممەد ئابدۇسالامنىڭ قەشقەرنى دۇنيانىڭ
جەننىتى دەپ تەرىپلىشى قەشقەر ھەققىدىكى يېڭى بىر باھا
بولۇپ، ئالىمنىڭ قەشقەرگە بولغان قايىللىقىنىڭ مەھسۇ-
لى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدا قەشقەرنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە
جۇغراپىيەسىگە بولغان مەمنۇنلۇق، قايىللىق ۋە مۇھەببەت
مۇجەسسەملەنگەن.

قىسقىسى، كاشغەر ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىن-
جاڭنىڭ پەن-مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە باشقا ساھەلىرىدە
ئىزچىل باشلامچىلىق رولىنى ئويناپ كەلگەن. ئەينى ۋا-
قىتلاردىكى مەشھۇر شائىرلار ئىچىدە كاشغەر ھەققىدە
مەدھىيە ئوقۇمىغىنى يوق دېيەرلىك. بىر نەچچە تارىخچى
شىنجاڭ ياكى ئۇيغۇر تارىخىنى يازغان ۋاقىتتا «كاشغەر
تارىخى» دېگەن نامدا يازغان، بۇنىڭغا مۇشۇ خىل نامدا
يېزىلغان يەتتە پارچە ئەسەر شاھىتتۇر. 19-ئەسىرنىڭ ئا-
خىرى، 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا غەرب دۇنياسىدا قىزغىنلىققا
ئايلانغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى»دا
شىنجاڭ، جۈملىدىن كاشغەر چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلى-
رى، ئارخېئولوگلىرى، سەيياھلىرى، دىن تارقاتقۇچىلىرى،
شۇنداقلا مۇشۇ تۈردىكى ھەر خىل مەقسەت بىلەن كەلگۈ-
چىلەرنىڭ چوقۇم ئۆتەشكە تېگىشلىك ياكى بېسىپ ئۆتمە-
سە بولمايدىغان مۇھىم ئۆتەڭلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. بۇ
ئەلۋەتتە شىنجاڭنىڭ دىن، مەدەنىيەت ياكى ئارخېئولوگىيە
تارىخىدا تۇتىدىغان ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم
ئىسپاتلارنىڭ بىرىدۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، كاش-
غەرنىڭ ئەزىزانە دەپ سۈپەتكە ئىگە بولۇشى بۇنىڭ پەن-
مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-مەرىپەتتە تۇتقان ئورنى، شۇنداقلا
ئۇنىڭ باشقا يۇرت ۋە شەھەرلەردە يوق بولغان پەۋقۇل-
ئاددە ئەۋزەل مۇھىتقا ئىگە بولغانلىقىدا ئىدى. شۇڭا ئۇ
يېقىنقى زاماندا شەھەرلەرنىڭ شەھرى، سەيياھلارنىڭ
كۆڭلىدىكىدەك ساياھەت ماكانى ۋە مەدەنىيەت قەسرىنى
ئىزدەپ ماڭغۇچىلارنىڭ ئىنتىلىدىغان مۇقەددەس جايىغا
ئايلىنىپ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە «ئەزىزانە كاشغەر»
دېگەن شەرەپلىك نامغا مۇشەررەپ بولغان. بۇنىڭغا كاش-
غەردىكى ھەر قانداق شەيئىگە بولغان مۇھەببەت، قايىللىق
ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى مۇجەسسەملەنگەن.

شۇڭا «ئەزىزانە كاشغەر» ھەققىدىكى تەكشۈرۈش-
لەر، تەتقىقاتلار ۋە مەدھىيە ناخشىلىرى تا بۈگۈنگە قەدەر
ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. بۇ جە-
ھەتتە كاشغەر ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن پەۋقۇلئاددە ئەۋ-
زەللىك بىلەن ئوقۇسا تۈگىمەيدىغان كىتابقا، قازسا تېگى
كۆرۈنمەيدىغان كانغا ئوخشاش زامان ئەھلىنىڭ ئىزدىنىش
ئوبيېكتىغا ئايلانماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئەزىزانە كاش-
غەر»گە مۇجەسسەملەنگەن مۇھەببەتنىڭ داۋامىدۇر.

## پىريانە يەكەن

يەكەن قەدىمىي شەھەر قەشقەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى

---

② مۇھەممەد تۇرسۇن ئىبراھىمى: «مەھمۇد ئىزنى ئىزدەپ»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2006-يىللىق 6-سان، 44-بەت، ئاپتور بۇ ھەقتىكى مەلۇماتنى يەنە 2011-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر قىلغان «تۆھپە ئۇنتۇلمايدۇ» ناملىق كىتابىدىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتكەن.

ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ بىرى، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدىكى يۇملاق خەرىتىگە «ياركەنت» دەپ بۇ شەھەرگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، شۇنداقلا دۇنيانىڭ خەرىتىسىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى نۇسخىسى دەپ قارىلىدىغان خەرىتىدىن ئورۇن بەرگەن. 15-ئەسىردە قۇرۇلغان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى قىلىنغان. دېمەك، يەكەن ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ مۇھىم سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

يەكەننىڭ ئالدىدىكى سۈپەت سۆزى «پىرىيانە» بولۇپ، بۇ سۆزگە «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دا مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «پىر [ئەرەبچە] تۇغ باغلاپ، داپ چېلىپ ئايەتلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق كىشىنى داۋالايدىغان بىر خىل دىنىي پائالىيەت. ئۇنىڭ پېشىل شەكلى پىر تۇتماق، ئۇستاز تۇتماق، چوقۇنماق دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ»①.

15-ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن شىنجاڭغا كەلگەن خوجىلارنىڭ پائالىيەتلىرى قەشقەر ۋە يەكەننى مەركەز قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىقلارنىڭ كۈرەشلىرى ۋە ئېغىر دەرىجىدىكى قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىمۇ قەشقەر ۋە يەكەننى مەركەز قىلىپ قانات يايغان. شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، بولۇپمۇ 15-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئارقىمۇئارقا ئېقىپ كىرگەن تەسەۋۋۇپ پېشىۋالىرىدىن سەمەرقەنتلىك خوجا مۇھەممەد شېرىپ بۇزرۇكۋار (ئابدۇرېشىتخاننىڭ پىرى)، خوجا ئەخمەت كاسانى (مەخدۇم ئەزەم)، خوجا ئەبەيدۇللا سۇرىدى مەخدۇم ئەزەم ئوغۇللىرىدىن خوجا دانىيال، خوجا ياقۇپ، خوجا ھازىم، خوجا قاسىم قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق خوجا-ئىشانلار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن، خوتەن ھەتتا قومۇل قاتارلىق رايونلارغا قەدەر تارقىلىپ تەسەۋۋۇپ-تەرىقەتچىلىك پىكىر ئېقىمىنى كەڭ كۆلەمدە تارقاتقان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەكەن خانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەن شەھىرىگە توپلىشىپ تەرىقەت سۇلۇكىنى يۈرگۈزگەن. ھەتتا بەزىلىرى سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىپ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىشلارغا ۋە ۋەقەلەرگە سەۋەب بولغان. بەزى خاتىرىلەردە شۇ چاغدا يەكەننىڭ ھەر بىر كوچىسىدا بىر خانىقا، ھەر مەھەللىدە ئىشان-پىركامىللار بار ئىدى. شۇڭا پۈتۈن پىر-ئىشانلار توپلانغان ياكى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ شەھەر «پىرىيانە يەكەن» (پىر سۈپەتلىك يەكەن) دەپ ئاتالغان. ھازىرمۇ پىرىلارنىڭ ئەۋلادلىرىنى يەكەندىن تاپقىلى بولىدۇ. ئاددىيسى ئەينى ۋاقىتتا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلىرىدىن سەئىدىخان (خوجا مۇھەممەد شېرىپقا قول بېرىپ مۇرىت بولغان) ۋە مۇھەممەدخان (مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى خوجا مۇھەممەد ئىسھاققا قول بېرىپ مۇرىت بولغان) قول بېرىپ پىرىلەرگە مۇرىت بولغان. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئەل پىرىلارنىڭ ئۆز سۇلۇكلىرىنى ئەركىن-ئازادە تارقىتىدىغان ئەۋزەل مۇھىتقا ئىگە بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇنى ئۆزىنىڭ سىياسىي مەنپەئىتىنىڭ قورالى قىلىۋالغان خوجىلارنىڭ ئالقىنىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ، بىر-بىرىنى ئەشەددىي دۈشمەن كەبى ناھەق قىرغان. بۇ شۇ ۋاقىتلاردا شۇ پىرىلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كەلتۈرگەن ئېغىر زىيانلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا پىرىلارنىڭ قانچىلىك كۆپلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى.

خوجىلارنىڭ بوۋىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن نەقشبەندىيە مەزھىپىنىڭ سەردارى مەخدۇم ئەزەمدۇر. ئۇ دەسلەپ ئۆزبېكلەر بىلەن قەشقەرلىكلەرنىڭ توقۇنۇشىنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن «ئەۋلىيا» سۈپىتىدە قەشقەرگە كەلگەن، ئۇ كېلىشى بىلەنلا ئابدۇرەشىدخان ئۇنى ئوردا مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا بىر پارچە زېمىن تارتۇق قىلغان، شۇنىڭ بىلەن سوپىزىم قەشقەر، جۈملىدىن يەكەندە تېز سۈرئەت بىلەن كېڭىيىشكە باشلىغان.

مۇھەممەدخان زامانىسىدىمۇ خوجىلارنىڭ يەكەن سەئىدىيە خانلىرىغا بولغان ئۇستازلىق تەسىرى چوڭ ئىدى، يەنى مىلادى 1591-يىلى ئابدۇكېرىمخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ 5-ئىنىسى مۇھەممەدخان تەختكە چىققان. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن ئاقسۇنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى، ئىسھاق ۋەلى قەشقەرگە تۇنجى قېتىم كەلگەندە

① تىل-يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1-توم، 261-بەت

ئۇنىڭغا سادىق مۇرىت بولغان ھەمدە ئاقسۇدا ئۇنى زور داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالغان. مۇھەممەدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن ئىسھاق ۋەلى يەتتە ياشلىق ئوغلى خوجا شادىنى يەكەنگە ئەۋەتكەن. مۇھەممەدخان ئۇنى مەنىۋى ئۇستاز تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئاتاپ قەسىر-سارايلارنى سالدۇرغان ھەمدە نۇرغۇنلىغان يېزا-كەنت، نەچچە يەردە يەر-زېمىنلارنى ھەدىيە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى تېخىمۇ كۈچەيگەن. سەئىدىيە خانلىقىدا خانلارنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش ئەنئەنىلىرىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا خوجىلارنىڭ قولى ئارقىلىق بولىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. «تارىخىي رەشىدىي زەيلى» ناملىق كىتابتا ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئىشلىرى ھەققىدە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئۇ سوپى خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ دوستىنىڭ مۇرىتى ئىدى، مۇشۇ سەۋەبلىك ئاتىسى بىلەن ئازراق سۈركىلىش يۈز بەرگەندە دىندارلار ئۇنىڭغا: ‹دىنىنىڭ كاتتىلىرى ئۆزىنى خانلىققا چىقارغان› دېگەن، كېيىنكى ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئابدۇكېرىمخان خوجا مۇھەممەد شېرىپ قاتارلىق دىنى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تەختنى تارتىۋېلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىن خوجا ئىسھاق ۋەلىنىمۇ تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈنگەن. مۇھەممەدخان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئىسھاق ۋەلىنىڭ ئوغلى خوجا شادى قەشقەرگە كەلگەندە خان ئۆزى سېپىلنىڭ سىرتىغىچە چىقىپ ئۇنى قارشى ئالغان ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوردىدا ئۈچ كۈن مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بەرگەن»①. بىز بۇنىڭدىن باشقا يۇقىرىقى كىتابتىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇن ۋە يەنە خان-پادىشاھلاردىن يولۋاسخاننىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىگە دىققەت قىلساقمۇ يۇقىرىقىدەك خوجىلارنى پىر ئۇستاز ۋە دۆلەت ئۇستازى قىلىپ ئارقا تىرەك قىلىپ تۇرغۇزۇشتەك ئىشلاردىن مۇستەسنا ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. قىسقىسى، سەئىدىيە خانلىرىنىڭ خوجىلارنى پىر ئۇستاز قىلىپ كۆتۈرۈشى پىرىيانە يەكەن نامىنىڭ بىر مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ بۇ ئارقىلىق سەئىدىيە خانلىقى، ھەتتا پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى بىر مەيدان قالايمىقانچىلىق ۋە مەنىۋى كىرىزىسكە پاتۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر «تارىخىي رەشىدىي» ناملىق ئەسىرىدە سۇلتان سەئىدخاننىڭ مۇرىت بولۇش ئىستەكلىرى ھەققىدە ئۆز ئېغىزىدىن ئاڭلىغانلىرى ھەققىدە توختىلىپ: «سەلتەنەت ئىشىنى تاشلاپ سەپەرگە چىقىپ، بىر كامىل مۇرشىدنى تېپىپ شۇنىڭغا خىزمەت قىلسام دەيتتىم. پاك ۋە بۈيۈك تەڭرىتائالا ئۆزىنىڭ ئىلتىپاتى ۋە ئىنايىتى بىلەن ھەزرىتى خاجەئى نۇرەننى ھېچقانداق سەۋەبسىزلا بىزگە يەتكۈزۈپ بەردى. ئەمما ئۇزۇمنى ھەرقانچە دەڭسەپ كۆرسەممۇ، ئۆزۈمدە ھەزرىتى خاجەدىن ئىلتىماس قىلغۇدەك لاياقەتنى تاپالمايۋاتىمەن. شۇڭا شۇنداق نىيەتكە كەلدىمكى، ئالدى بىلەن ئەخلاقىمنى ئۆزگەرتىپ سۈپەتلىرىمنى ياخشىلاشقا تىرىشىمەن، ئۇزۇمنى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە شۇنىڭغا لايىقلاشتۇرىمەن. قاچانكى مەن ئاشۇ لاياقەتنى ھازىرلىسام، ھەزرىتى خاجەئى نۇرەن مېنى ئىلتىماس قىلدۇرمايلا ئۆزلىرى ئىنايەت نەسىمنى ئىلتىپات قىلغۇسىدۇر، ئەگەر مەندە لاياقەت بولمىسا، ئىلتىماس قىلغىنىمنىڭمۇ پايدىسى يوق. تەڭرىتائالا خاجەئى ھەزرىتى نۇرەننى ماڭا سەۋەبسىزلا يەتكۈزدى، ئەمدى بۇ شەرەپلىك ئىشنىمۇ ماڭا نېسىپ قىلار دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئەگەر بۇ بەخت-سائادەت ماڭا مۇيەسسەر بولسا، كۆڭلۈمدىكى ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى دەيتتى»① دەپ خاتىرىلەنگەن.

20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشاپ ئۆتكەن تارىخشۇناس ئالىم موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمنىيە» ناملىق ئەسىرىدە يەكەن ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «يەكەن خەلقى بىچارە سۈپەت، كەمتەر ۋە ئۆز ئىشلىرىغا پۇختا، ئىشان-ھەزرەتلەر، سوپى-خەلپىلەر راۋاج تاپقان، كەشمىر، ھىندى، ئافغان، بەدەخشان قاتارلىق مۇساپىر تائىپىلىرىمۇ تولا ئورۇنلاشقان شەھەردۇر. خەلقى سەپەرگە كەم چىقىدۇ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يەر-زېمىنلىرى ناھايىتى كەڭرى، ئاشلىقى كۆپ ۋە ئەرزان، يايلاق ۋە قىشلاقلىرى بىپايان، مال-ۋاران، قوتازلىرى نۇرغۇن.

مەشھۇر ۋە تونۇلغان مازارلىرى خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر بۇزرۇكۋار ۋە ھەفتە مۇھەممەدان مازىرىدۇر.

① شاھ مۇھەممەد جورراس: «تارىخىي رەشىدىي زەيلى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىلى نەشرى، بۇ ئەسەرنىڭ «ئەبۇ سەئىد سۇلتاننىڭ ۋاپاتى ۋە شۇ چاغدا بولغان ۋەقەلەر» دېگەن قىسمىغا قارالڭ.

«ھەفتە مۇھەممەدان» دەپ ئاتالغانلىقىغا قارىغاندا «مۇ-ھەممەد» ئاتلىق يەتتە كىشى دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن ۋە يەنە ئالتۇن مازار بولۇپ، بۇ مازار قەدىمكى مۇسۇلمان خانلىرىدىن سۇلتان سەئىدىخاندىن باشلاپ ئىسمائىلخان ۋە مۇھەممەد ئىمىنخاننىڭ زامانلىرىغىچە بۇ يەتتە شەھەرنى 200 يىل مەقدارى سوراپ يەكەننى پايتەخت قىلغان پادىشاھلارنىڭ مازىرىدۇر. موغۇللار خان-پادىشاھلارنىڭ جەسەتلىرى بار مازارنى ئىززەتلەپ ۋە ئۇلۇغلاپ «ئالتۇن» دەپ ئاتايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن «ئالتۇن مازار» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىدىن خوجا شادى خوجام، خوجا دانىيال خوجام باشلىق خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ نەۋرە-لىرىنىڭ تەۋەررۇك مازارلىرىمۇ بار»②. ئالىم موللا مۇسا سايرامى تۆنجى بولۇپ ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بۇ يەردىكىلەرنىڭ مىجەز-خۇلقى، پىسخىكىسى ھەققىدە مۇپەسسەل مەلۇمات بەرگەن ئالىم ۋە مىللەتشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن بەرگەن يۇقىرىقىدەك باياىلىرى «پىرىيانە يەكەن» نامىنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى ھەققىدە بىزگە ئەڭ تولۇق ۋە ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى بەرگۈچى مۇھىم ئاساستۇر.

### شەھىدانە خوتەن

خوتەن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ بۈددىزمنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىدا مۇھىم ئۆتەڭلىك رولىنى ئوينىغان. خوتەننىڭ سۈپەت سۆزى «شەھىدانە» بولۇپ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئى-زاھلىق لۇغىتى»دە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «دىن ياكى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ غالىبىيىتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش ۋە جەڭلەردە قۇربان بولغان، جېنىنى پىدا قىلغان شەخس، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن، ھەققانىيەت ئۈچۈن ئۆز جېنىنى پىدا قىلغان، ھەققانىيەت يولىدا قۇربان بولغان كىشى»③.

قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئۇدۇن خانلىقىنىڭ جەڭدىكى مۇناسىۋىتى ماھىيەتتە دىنىي ئىدېئولوگىيەنىڭ پەرقى ۋە بۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان سۈركىلىشنىڭ مەھ-سۇلى بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي ئۇرۇش 40 يىل داۋاملاشقان. بۇ جەرياندا ئىككىلا تەرەپتىن نۇرغۇنلى-غان چىقىم ۋە قان تۆكۈلۈشلەر بولغان. بولۇپمۇ كېيىنكى ئۇرۇشلار ۋاقتىدا يۈسۈپ قادىرخان ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىسلام پىدائىيلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. 999-يىلىدى-كى ئۇرۇش داۋامىدا تۆت ئىمام باشچىلىقىدىكى بۇ قوشۇن قەشقەرگە توپلانغان ۋە ئۇدۇن بۇددىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان، بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن تۆت ئىمام ۋە ئۇلار باشچىلىقىدىكى قوشۇن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا قاراقۇرۇم تاغلىق رايونىدا ئۇلار ناماز ئوقۇۋاتقاندا پاجىئەلىك ھالدا بوغۇزلاپ تاشلانغان»①. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جەستى خوتەن زېمىنىغا كۆمۈلگەن. كېيىن يەرلىك خەلق تەرىپىدىن بەزى رىۋايەتلەر قوشۇلۇپ، سىرلىقلاشتۇرۇلغان ۋە مۇقەددەس ئورۇنلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، بۇ شەھىدانە سۆزىنىڭ بىر مەنبەسى بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنىڭدىن باشقا نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك، ياقۇپ-بەگ، ماخوسەنلەرنىڭ بۇ يەردىكى قىرغىنچىلىقىمۇ شەھىدا-نە سۆزىنىڭ ئىسپاتىدۇر.

كۈچلۈك ئەسلى نايمان قەبىلىسىنىڭ قەبىلە باشلىقى تايانخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، چىڭگىزخان تەرىپىدىن يېڭىل-گەندىن كېيىن غەربكە قېچىپ كەلگەن ۋە ھەر خىل ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن قاراقىتان ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ ھۆ-كۈمرانلىق دائىرىسىنى قەشقەر ۋە خوتەنگىچە كېڭەيتكەن.

كۈچلۈك قەشقەر، خوتەن ۋە يەكەندە دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ يەرلىك پۇقرالارنى ئىسلام دىنىدىن تاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قىيناش ئۇسۇللىرى دەھشەتلىك بولغان. ئۇ بۇ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش داۋامىدا ئىسلام دىنى ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرگە

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخىي رەشىدىي» (مۇھەممەدتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى 7-ئاي 1-نەشرى، 616-بەت.

② موللامۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمنىيە» (مۇھەممەد زۇنۇن نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى 2-نەشرى، 400-، 401-بەتلەر.

③ تىل-يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 3-توم، 526-بەتلەر.

هاقارەت كەلتۈرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ خوتەنلىك دىنىي
ۋە تىببىي ئالىم ئەلالىددىن مۇھەممەد خوتەنى باشچىلىقىدى-
كى 3000 نەپەر ئىسلام مۇرىتى بىلەن دىنىي بەس- مۇنا-
زىرىگە چۈشكەن. بۇ مۇنازىرىدە ئۇتتۇرۇپ قويغان
كۈچلۈك مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي 3000 نەپەر ئىسلام
مۇرىتىنى قەتىل قىلغان، ئەلالىددىن مۇھەممەد خوتەنى
ھەزرەتلىرىنى مەسقىد دەرۋازىسىغا چاھار مىخ (ئىككى
قول ۋە پۇتىنى مىخلاپ قويۇش) قېقىپ ئازابلىغان. ئەللا-
مە ئاستا- ئاستا قانسىراپ شېھىت بولغان ۋە ئاخىرقى تىنى-
قىغىچە ئۆز دىنىي ئېتىقادىدىن يانمىغان. زالىم كۈچلۈك
بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئەللامىنىڭ ئېسىل كۇتۇپخانىسىنى
ۋە بارلىق مەسچىتلەرنى بۇزۇپ، كۆيدۈرۈپ تاشلىغان»②.
تارىخشۇناس ئالىم موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمە-
دى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە بۇنى مۇنداق خاتىرىلى-
گەن: زالىم كۈچلۈكخان بىر مۇنچە ئەھلى پەزلى، سالىھ-
لارنى قەتئىلام قىلغانىدى. بۇلار «قوۋمى شەھىدان»
دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. شۇ سەۋەبتىن خوتەن زېمىنىمۇ
«شەھىدانە خوتەن» دەپ ئاتالغانىدى»③.

بۇنىڭدىن باشقا ياقۇپبەگ خوتەننى ئېلىش داۋامىدا
خوتەندە ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقى ھەققىدە موللا مۇسا
سايرامى يەنە مۇنداق خاتىرىلىگەن: تارىخ كىتابلىرىدا بىر
تۇمەن ئادەمگە ھالاكەت يەتكەن بولسا بىر مۇردا قولىنى
ئۇستۇن كۆتۈرىدۇ. ئەگەر ئىككى تۇمەن ئادەم ھالەك
بولسا ئىككى ئۆلۈك قولىنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ. ئەگەر ئون
تۇمەن ئادەم ھالەك بولغان بولسا بىر ئۆلۈك ئورنىدىن
تۇرىدۇ. بۇ چاغدا خوتەندە بەش ئۆلۈك قولىنى ئېگىز
كۆتۈرگەنىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا بۇ قېتىم خوتەندە 50
مىڭ ئادەم ھالەك بولغانلىقى مەلۇم» ④. دېمەك، بۇ قې-
تىمقى قىرغىنچىلىقمۇ قاتتىق ئېغىر بولغان. بۇلاردىن سىرت
تارىخشۇناس مىرزامۇھەممەد ھەيدەر كوراگان «تارىخىي
رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە خوتەن ۋە بۇ يەردىكى شې-
ھىتلار ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «خوتەندە ما-
زارلار كۆپ، بىراق بۇ مازارلارنىڭ ئەھۋاللىرى مەلۇم
ئەمەس. بۇ ھەقتە خالايىق ئاغزىدا تارقىلىپ يۈرگەن رى-
ۋايەتلەر مەشھۇر ۋە ھەممىگە تونۇشلۇق. بۇ مازارلارغا
«قوۋمى شەھىدا»، «ئىمامى زەبىھە»، «ئىمامى جەئفەرى
تەييار»، «ئىمامى جەئفەرى سادىق» دېگەنگە ئوخشاش
ئاتلارنى قويۇپتۇ، يەنە نەچچىلىگەن مازارلارغا ساھابىلەر-
نىڭ ئىسمىنى قويۇپتۇ. مېنىڭ قارىشىمچە بۇ مازارلارنىڭ
بۇنداق ئاتلار بىلەن مەشھۇر بولۇشىدىكى سەۋەب
شۇكى، تابىئىنلارغا مەنسۇپ كىشىلەر ئىچىدىن ئاشۇنداق
ئىسىم بىلەن ئاتالغان بۇزرۇكۋارلار بۇ يەرگە كېلىپ
شېھىت بولغان بولسا كېرەك، بۇ ۋىلايەتلەر ئىسلامغا
كىرگۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى تابىئىنلار تەۋەسىدىن بولغان
بىر قانچە ئەزىزلەر كېلىپ غازات قىلىپ شېھىت بولغانى-
كەن. ئاجايىپ ئىش شۇكى، بۇ شېھىتلەر تاۋۇتى بىلەنلا
يەرلىكتە قويۇلۇپتۇ. بەزىدە شامال قۇمنى ئۇچۇرۇپ
قەبرە ئېچىلىپ قالىدۇ- دە، شېھىتلەر شۇ پېتى ئاشكارا بو-
لىدۇ، ئۇلارنىڭ زەخىملەنگەن يەرلىرى ئېنىق ۋە سېزى-
لەرلىك بىلىنىپ قالىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ زەخىملەنگەن يې-
رىدىن چىققان قانلىرىمۇ يارا ئېغىزىدا توختاپ قۇرۇپ قې-
لىپتۇ. بۇ مازارلارنى زىيارەت قىلغان كىشى بۇنداق ۋەقە-
لەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ»①.

بۇنىڭدىن باشقا ماخوسەن خوتەندە ئېلىپ بارغان
قىرغىنچىلىقى ۋە گومىدىكى قىرغىنچىلىقلاردا قوشۇلۇپ
ئون نەچچە مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن» ②. ئالىم ئابدۇ-
شۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «كىلاسسىك ئەدەبىياتتا خوتەن
تەسۋىرى» ناملىق ماقالىسىدە خوتەن تارىختا ئەڭ ئېغىر
كۈنلەرنى باشتىن ئۆتكۈزدى دەپ يازغان. بەلكىم ئالىم-
نىڭ كۆزدە تۇتقىنى مانا مۇشۇنداق ئۇرۇش، قىرغىنچىلىق
ۋە باشقا تەبىئىي ئاپەتلەردە ئۆلگەن، قىرىلغان ۋە
قەتئىلام قىلىنغانلارنىڭ سانىنىڭ ھەددى- ھېسابسىز

① ھەبىبە تۇرسۇننىياز: ««شەھىدانە» خوتەن نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2007- يىللىق 2- سان، 106-، 107- بەتلەر.

② مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخىي رەشىدى» (مۇھەممەدتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007- يىلى 7- ئاي 1- نەشرى، 645-، 638- بەتلەر.

③ موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2003- يىلى نەشرى، 372- بەت.

④ موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2003- يىلى نەشرى، 644- بەت.

ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

### غازىيانە ئاقسۇ

ئاقسۇ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم شەھەر، شۇنداقلا يىپەك يولى ئۆتۈشمە بەلبېغىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي يۇرت. ئۇنىڭ سۇپەت سۆزى «غازىيانە» بولۇپ، بۇ سۆزگە «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: غازى [ئەرەبچە] — غازاتقا، مۇقەددەس ئۇرۇشقا قاتناشقۇچى، ئۆز ئەقىدىسى، ئېتىقادى يولىدا جەڭ قىلغۇچى دېگەن مەنىدە. غازاتتا ئۆلگەنلەر شېھىت، تىرىك قالغانلار غازى بولىدۇ. ئۇنىڭ سۇپەت شەكلى غازىيانە بولۇپ، غازىيلارغا ئوخشاش، غازىيلارچە بولۇپ، بۇ ھەقتە يەرلىك خەلق ئارىسىدا مۇنداق بېيىت توقۇلغان:

تىرىش يۈكسەل، يولۇڭ پارلاق ھېلىھەم غازىيانە بول.
بېشىڭنى سىلىغاي ھەردەم زامانەم شەپقىتى ئاقسۇ»①.

خەلق رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئاقسۇ شەھىرى ئەتراپىدا قەدىمدىن ھەر خىل جەڭلەردە شېھىتلىك مەقامىغا يەتكەن ئاتاقلىق كىشىلەر كەن، تولىراق ئۇلار جەڭلەردە غەلىبە قىلغان. شۇڭا ‹غازىيانە ئاقسۇ› دەپ ئاتالغان. بىبى مەسۇم ئەزىزەم ئىپارخان 1759-يىلى ئۇرۇشتا ھايات قالغاچقا شۇ نام بېرىلگەن دېگۈچىلەرمۇ بار.

بۇلاردىن باشقا يەنە موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» ۋە «تارىخىي ھەمدى» ناملىق نادىر تارىخىي كىتابلىرىدا كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭى داۋامىدا يەرلىك ئەسكەرلەر قەشقەر، يەكەن، مارالبېشى، ئۈرۈمچى، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا يۈرۈش قىلىش جەريانىدا ناھايىتى زور باھادىرلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن، شۇنداقلا يەنە ياقۇپبەگ ئاقسۇنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلغاندا ئۆز ئەسكەرلىرىدىن 3000 نى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ياقۇپبەگنىڭ 8000 دىن كۆپرەك ئەسكەرلىرىنى يوقىتىپ ئاقسۇ ئەسكەرلىرىنىڭ باتۇرلۇقىنى نامايان قىلغان، بۇلار غازىيانە ئاقسۇ نامىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەنبەسى ۋە ئىسپاتىدۇر.

### سوپىيانە قومۇل

قومۇل تارىختا شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولىدىكى، جۇملىدىن ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى رايونلىرى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل، شۇنداقلا يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتۈشمە يوللىرىدىن بىرى بولۇپ، تارىختا پارلاق مەدەنىيەت ياراتقان. ئۇنىڭ سۇپەت سۆزى «سوپىيانە» بولۇپ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە بۇ سۆزگە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: «سوپى — ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە سوپىزم يولىنى تۇتقان كىشى. يامان ئىشلاردىن قول ئۈزگەن، گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردىن قولىنى توختاتقان دېگەن مەنىدە، سوپى يەنە دەرۋىشمۇ دېيىلىدۇ، كىشىلەر ئۇلارنى «دىندار» ۋە «زاھىت» دەپمۇ چۈشىنىدۇ»③.

1430 - يىلىدىن كېيىن ئىسلام دىنى ئەمدىلا تارقىلىشقا باشلىغان قومۇل رايونىدا تەرىقەت پېشۋالىرىدىن مىرسەيىد جېلىل قاتارلىق ئىشانلار خەلق ئارىسىدا تەسەۋۋۇپچىلىقنى تەرغىب قىلغان. ئۇزاق مۇددەت بۇددا دىنى تەرىقەتلىرى ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان خەلقى ئىسلام دىنى تەسەۋۋۇپ پىكرى ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىشانلارغا ئىخلاس قىلغۇچىلار كۆپەيگەن. بۇ خىل قولاي شارائىتتىن پايدىلانغان خوجا ئەخمەت كاسانىينىڭ نەۋرىسى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ قومۇلدا تەرىقەت سۇلۇكىنى يۈرگۈزگەن.

تۇرپاندىكى كېپەكبەگ تارخاننى ئۆلتۈرۈپ، سىياسىي ھوقۇقنى تارتىۋالغان ئىمىن سوپىمۇ تۇرپان، پىچان، قومۇل قاتارلىق جايلاردا تەسەۋۋۇپچىلىقنى كەڭ كۆلەمدە تارقاتقان.

بەزى ماتېرىياللاردا دېيىلىشىچە ئىسلام دىنىنىڭ قومۇلغا تارقىلىشى ئاساسەن ئىشانلار تەرىپىدىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ پۇختىلانغان، ھەتتا 16 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كۆپىلگەن كىشىلەر تەرىقە مۇرىتلىرى بولغان. شۇڭا ئاھالە ئارىسىدا سوپىلارنىڭ كۆپلۈكى، خەلقنىڭ

---

① مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخىي رەشىدىي» (مۇھەممەدتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى 7-ئاي 1-نەشرى 638-بەت.

② ئىمىن تاجى تۇرگۇن: «خوتەن تارىخىدا يۈز بەرگەن بىر قانچە قېتىملىق قىرغىنچىلىقلار»، «خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2007-يىللىق 2-سان، 124-، 125-بەتلەر.

③ تىل-يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 31-توم، 868-بەت.

ياۋاش، مۇلايىملىقىدىن «سوپىيانە قومۇل» دەپ ئاتالغان»① دەپ قارالغان. بۇمۇ سوپىيانە قومۇل نامىنىڭ مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم ئىسپاتلارنىڭ بىرىدۇر.

تارىخ تەتقىقاتچىسى ئابلىز ئورخۇن «سەمەرقەندتىن قومۇلغىچە» ناملىق ماقالىسىدە قومۇلدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى 16-، 17-ئەسىرلەردە پۈتكۈل شىنجاڭدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن سوپا-ئىشانچىلىق ھەرىكەتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئەڭ كېيىن ئومۇملاشقان رايون بولۇشقا قارىماي «سوپىيانە قومۇل» دەپ ئاتالغانلىقىنى ۋە پىر، سوپى-ئىشانلارنىڭ تۇغ باغلاپ سوپىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە ئۇلۇغلار نامىغا ئاتالغان مازارلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەرقانداق يېرىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن»②. بۇمۇ سوپىيانە قومۇل نامىنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىلنىڭ بىرىدۇر.

## غېرىبانە تۇرپان

تۇرپان شىنجاڭدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت يۈزلىنىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ شاھىتى بولغان ۋە بولۇپ كەلمەكتە. تۇرپاننىڭ ئالدىدىكى سۈپەت سۆزى «غېرىبانە» بولۇپ، بۇنىڭغا «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە مۇنداق تەبىر بېرىلگەن: غېرىب [ئەرەبچە] ھېچقانداق ئورۇق-تۇغقىنى بولمىغان، يېتىم، باشپاناھسىز، مۇساپىر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ»③.

تۇرپاندىكى يەرلىك خەلق ۋە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى ‹قۇرئان كەرىم›نىڭ ‹سۈرە كەئف› قىسمىدا بايان قىلىنغان ‹ئەسھابۇلكەئف› (غاردىكى دوستلار) ۋەقەلىكىنىڭ قاتناشچىلىرى تۇرپاندىكى تۇيۇق مازىرىدا دەپ قارايدۇ.

تۇيۇق غاردىكى دوستلار ئۇزاق جايلاردىن كەلگەن مۇساپىرلار، ئۇلارنىڭ ئىسمىلىرى: يەملەيخا، ماكسىلمىنا، ئازارپەتنۇس، كاشاپەتنۇس، يوۋانۇس، يوۋانىس يۇنۇس، قىتمىر قاتارلىقلار تاكى قىيامەتكىچە غاردا ئۇخلاپ ياتىدۇ دېيىلگەن. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەر يىلى مىڭلاپ كىشىلەر بۇ غارغا كېلىپ تاۋاپ ۋە دۇئا تەلەپ قىلىدۇ. بېشىغا دەرد كەلگەنلەر يىغا-زار بىلەن مەدەت تىلەيدۇ. بۇنداق مۇساپىر كىشىلەر ھەتتا نەچچە ئايلاپ مازار بېشىدا تۇرىدۇ. مۇساپىر ئاتالغۇسى غېرىب دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ، شۇڭا ئۇلۇغ كىشىلەر سىمۋولى بولغان ‹ئەسھابۇلكەئف› تۇرپاندا بولغانلىقى ئۈچۈن ‹غېرىبانە تۇرپان› دەپ ئاتالغان دېگەن رىۋايەتلەرمۇ تارقالغان.

تارىخقا قارايدىغان بولساق، قوچۇ خانلىقى جەمەتىنىڭ قايدۇ ۋە دۇۋا توپىلىڭىنىڭ زەربىسىدىن قېچىپ 24 يىلنى گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭدا ئۆتكۈزۈپ يەنە تۇرپانغا قايتىپ كېلىشى شۇ ۋاقىتتىكى بىر خان جەمەتىنىڭمۇ مۇشۇنداق بىچارە ۋە غېرىب ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇلاردىن باشقا بىر تۇرپان تارىخىغا دائىر ئەسەرلەردىن سۇبىيخەينىڭ «قومۇل، تۇرپان ئۇيغۇر ۋاڭلىرى تارىخى» ۋە ياپونىيەلىك ئالىم ساگوچى تورۇنىڭ «18-، 19-ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى ھەققىدە تەتقىقات» قاتارلىق ئەسەرلەردىن شۇ دەۋردىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زۇلۇمى سەۋەبىدىن ئىنتايىن ئېچىنىشلىق تۇرمۇشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھەتتا ياقا-يۇرتلارغا، ئەڭ ئاددىيسى تۇرپانلىقلارنىڭ قومۇلغا ياكى قومۇللۇقلارنىڭ تۇرپانغا بېرىپ كېلىشلىرىمۇ چەكلەنگەن، خەلق ئىنتايىن قىيىن، ئاچ-زار ۋە بىچارىلەرچە، غېرىب كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

بۇنىڭدىن سىرت رايونىمىزغا 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئېكسپېدىتسىيەگە كەلگەن ئالبېرت فون لېكوك «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: مېنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرغىنى، بۇلار (يەرلىك خەلقنى دېمەكچى) قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دېگەننىڭ

① تىل-يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 3-توم، 787-بەت.

② ئەمەت دەرۋىش، مىنەۋۋەر ئابلىزلار تۈزگەن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات» (2)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2002-يىلى 9-ئاي نەشرى، 226-، 227-بەتلەر.

③ ئابلىز ئورخۇن: «سەمەرقەندتىن قومۇلغىچە»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2007-يىللىق 4-سان.

قىممىتىنى، بىز ئېلىپ كېتىپ بارغان نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە تەئەللۇق قىممەتلىك بايلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، دېدى لېكوك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، شۇ ۋەجىدىن نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك يادىكارلىقلار توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بىر ئىش مېنى ئەڭ ئېچىندۇردى، بىر دېھقان بىزگە بىرىنچى قېتىملىق يىراققا يۇرۇش قىلغان ئەترەت بۇ يەرگە كەلگەندە تۈزلەپ زىرائەت تېرىش ئۈچۈن بىر بۇتخانىنى بۇزغاندا ئويلىمىغان يەردىن توپتوغرا بەش ھارۋا كەلگۈدەك مانىي دىنىغا ئائىت قول يازمىلارنى بايقىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇلار بىز ئارزۇ قىلىۋاتقان تەتقىقات ئوبيېكتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىستۇرما بېتى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قىستۇرما رەسىملەر بولاتتى. لېكىن دېھقانلار بۇلارنى بىدئەتلىك دەپ قورقۇپ، شۇنداقلا مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بۇنى باھانە قىلىپ نۇرغۇن نەرسە تەلەپ قىلىشىدىن قورقۇپ بۇ قول يازمىلارنىڭ ھەممىسىنى دەرياغا تۆكۈۋەتكەن»①. مانا بۇ جاھالەت، نادانلىق، نامراتلىق ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ بارلىق ئىللەتلىرىنىڭ ئىسكەنجىسىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ رېئال كارتىنىسى ئىدى. دۇنيادا ئۆز ئەجدادى ياراتقان مەدەنىيەتنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدىغان، ئۇلارنى بۇ چەت ئەللىكلەر نېمىگە ئىشلىتىدۇ دەپ ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشتىنمۇ ئۆتەر غېرىبلىق بولمىسا كېرەك. بۇ شۇ ۋاقىتتىكى غېرىبلىق باسقان تۇرپاندىكى بىر رېئال كارتىنا ۋە بۇ سۈپەت سۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئىسپاتلارنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا تارىخشۇناس ئالىم موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» ناملىق ئەسىرىدىكى تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ پسىخىكىسى «غېرىبانە تۇرپان» نامىنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېچىپ بېرىدۇ. ئاپتور مۇنداق يازغان: «كونا تۇرپان ئادەملىرىنىڭ مىجەز-خۇلقى ساددا، ئۆز ئىشىغا پۇختا، راست سۆزلۈك، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان، ھىيلە-مىكىر، غەدرى-خىيانەتنى بىلمەيدىغان، ئەقىدە ۋە ئىخلاسلىرى تازا ۋە زىيادە خەلقتۇر»②.

قىسقىچە خۇلاسە قىلغاندا، ھېچقانداق ئاساسى بولمىغان شەيئى ۋە ھادىسە بولمىغىنىدەك رايونىمىزدىكى بىر قىسىم قەدىمىي مەدەنىيەتلىك شەھەرلەرنىڭ تارىختىكى ئورنى، جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى، بۇ يەردە يۈز بەرگەن بىر قىسىم تارىخىي ئۆزگىرىشلەر، كىشىلەرنىڭ بۇ شەھەرلەرگە بەرگەن باھالىرى ۋە يەرلىك خەلقنىڭ مىللىي پسىخىكىسى قاتارلىق بىر قاتار ئورتاق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە ھەرقايسى ئۇيغۇر يۇرتلىرى ئۆزىدە ئۆزىگە خاس بولغان سۈپەت سۆزلىرىنى ھازىرلىغان. بۇ ناملار ئۆز نۆۋىتىدە ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك ياراشقان، شۇنداقلا شۇ يۇرتنىڭ مەدەنىيەت بەلگىسىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان، يۇقىرىقىدەك سۈپەت سۆزلىرىنى ئاشۇ يۇرت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى ئۆچمەس بىر تامغىسى سۈپىتىدە ئۇلارغا بەلگە بولۇش رولىنى ئوينىغان.

قوشۇمچە:

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ئەمنىيە» (مۇھەممەد زۇنۇن نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى 2-نەشرى، 416-بەت.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بۆلۈمىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

① تىل-يېزىق كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 3-توم، 914-بەت.

② ئالبېرت فون لېكوك [گېرمانىيە]: «شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (مۇھەممەد ئىلى، ماخمۇت ۋەلىلەر ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى نەشرى، 88-بەت.

## ئوقۇرمەنلەر سەمىگە

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق سانلىرىدىن 2012 - يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق. سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن Tel: (0991) 4554017

# بېيىت – قوشاقلار



ئىككىمىز ئاشىق بولايلى
ئۆيدىكىلەر تۇيمىسۇن،
ئۆيدىكىلەر تۇيسا تۇيسۇن
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

چىشىڭىزنىڭ ئاقلىقى،
ئۈنچە تۇرادۇر.
لېۋىڭىزنىڭ تاتلىقلىقى
تىلنى يارادۇر.

قاشىڭىز تازى بولۇپ،
يۈرتنى سورايدۇ.
كۆزىڭىز ئويناپ تۇرۇپ
جاننى ئالادۇر.

سىزنى كۈندە مىڭ قېتىم
كۆرگۈم كېلەدۇر.
قۇچاقىمغا ئېلىپ
سۆيگۈم كېلەدۇر.

ئوتىڭىز تەگدى جېنىمغا
ئۈستىخانىمنى شۈلۈپ.
ئەلگە تۇيدۇرماي يۈرەتتىم،
گاھى يىغلاپ، گاھى كۈلۈپ.

قاقرام سەككىز مېنىڭ
تۆتى ئالا، تۆتى قارا.
ئالتە ئاي ئوتتۇزدا كۆيسەم،
بىلمىگەن كۆڭلى قارا.

قىزىل قىيان ئېچىمدە
قىيىلدىم ساڭا.
قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك
ئېگىلدىم ساڭا.

ئاقسارايدا چىقتى يارىم،
چىن تۇگانى پۈركۈنۈپ.
قولىدا زەيتۇنە ياغلىق
تال چىۋىقتەك تولغىنىپ.

تال ئۇچى تالغا تېگەمدۇ،
تال ئۇچى تالغا يىراق.
مەيلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ،
ئۆيىڭىز ئاندىن يىراق.

ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن،
كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن.
ئىككىمىزنىڭ ئالدىدا
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.

چاچلىرى بەلگە چۈشۈپتۇ،
بەللىرى بىر قىلچە يوق.
مېنىڭ مەيلىم سىزگە چۈشۈپتۇ
ئۆزگىسى بىر قىلچە يوق.

ئاققىنا كۆڭلەك كىيىپسىز،
ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
كۆككىنە كۆڭلەك كىيىپسىز
كۆك تىكەنلەر ئىلمىسۇن.

گاهى بىلىك، گاهى بىلمەك،
خۇشتار مەن ساڭا.
خۇشتارلىقتىن ئۆلۈپ كەتسەم.
ئۇۋالىم ساڭا.

بەگلەر كېلىپ چۇشۇپتۇ،
ئويمان بۇلاقتا.
ئاتلارىنى قويۇپ ئېتىدۇ
كۆپە قىياقىغا.

كىشى ئۈچۈن كىشى ئۆلەمدۇ،
ئۇتى پىراقتا.
سىز ئۈچۈن بىر ئۆلەي يار،
خەنجەر پىچاقتا.

ئالمىدەك رەڭلىك ئىدىم
رەڭگىمنى سارغايتتى پىراق.
ئوڭ يېنىمدا ئىشتىياق
ئىشتىياقنى تارتىشقا
هېچ ماجالىم قالمىدى
رو چىۋىندەك سارغىيىپ
ئۈچارغا هالىم قالمىدى.
رو چىۋىن بولسا كىشى
ئۈچسا قاناتىنى سوزۇپ
راست سۆزۈڭنى ئېيتىپ ساڭا
مەن كېتەي ئۈممەت ئۈزۈپ.
يېشىل-يېشىل يوپۇرمىقىم
ياشاردى كەتتى.
يېشىل تونلۇق يارىم مېنىڭ
قەشقەرگە كەتتى.
كېلەمدىكىن كەلمەمدىكىن
قەرەلى يەتتى

شۇ كۈندىكى غېرىبچىلىق
جانىمدىن ئۆتتى.
خەت بىلەن خالتا ئەۋەتتىم،
مېھربان يارىم ساڭا.
ئوقۇتۇپ ئىلكىڭگە ئالغىن،
مەلۇم بولۇر هالىم ساڭا.
ئىلىدىن چىققان يىگىتنىڭ
تونى بار، تونچەسى يوق.
باشىغا گۈل قىسىپتۇ
گۈلى بار غۇنچەسى يوق.
گۈلنى ئالدىم كۆپكە سالدىم
كۆپتە هاراق بار ئىكەن.
ئوڭ قولۇمغا هاراق ئالدىم،
سول قولۇمغا شام چىراغ.
شام چىراغتا كۆيگىچە
مەشرەپتە كۆيگەن ياخشىراق.

ئىشكىكىدىن ئۆتتۈممەن،
گۈل زاراڭزا تەرگىلى.
گۈل زاراڭزا باهانە بولدى،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى،
چۈشتى چىنە پىيالىغا.
رەھىمسى كەلمەمدىكەن،
بىزدەك يېتىم بىچارىگە.

تام تۆپىسىدە ئولتۇرادۇر،
شوقچە بويلۇق شول يىگىت.
ئالما بەرسەم ئۇينىمايدۇ،
بابىيا ئالتۇن يىگىت.
بابىيا ئالتۇن يىگىتنىڭ

سۈرىتى سۇلتانچە بار.
ئاي يۈزىگە خال چۈشۈپتۇ،
يېڭى چىققان گۈلچە بار.

تېرىپ ئېلىپ تۈگىتىپ بولماس
سايىنىڭ تاشنى.
دەرد كەلگەندە ئېيتىپ بولماس
كۆزنىڭ ياشنى.

دەريا بويىدا ساندۇق
ساندۇققا سامان سالدۇق.
ئانارخاننىڭ تويىغا
رەڭمۇرەڭ تاۋار سالدۇق.

باي توقاينىڭ يولىدا
ئالا ئۆردەك ئىزى بار.
هېيت ئاكامنىڭ ئۆيىدە،
ئون بەش ياشلىق قىزى بار.

هاۋادىكى ئۈچ ئۆردەك
ئۈچىلىسى بىر خىلدەك.
يېڭى ئۆسكەن ياش باللار،
ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك.

قەشقەرلىك بولاي دەيمەن،
ئەنجانلىق بولاي دەيمەن.
بۆكەمنى قىرغا قويۇپ
سىڭلىڭنى ئالاي دەيمەن.

كوچىدا ناخشا ئېيتسام
ئەل مېنى ساراڭ دەيدۇ
ئاتام بولسا، ئانام بولسا
دەردى بار بالام دەيدۇ.



# ئۇيغۇرلارنىڭ ئوت ساقلاش ئادىتى توغرىسىدا

**ئابدۇغېنى ئوسمان**

ئوتنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى ئىنسانلار تەرەققىياتى جەريانىدىكى ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولۇپ، بۇ بىر قېتىملىق زور ئىلگىرىلەش ئىنسانلارنى تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشتا زور هاياتىي كۈچ بىلەن تەمىن ئەتكەن. ئىنسانلار ئوتتىن پايدىلىنىشنى بىلگەندىن كېيىن ھەر خىل ئوۋ نېمەتلىرىنى خام يېمەستىن، پىشۇرۇپ يېيىشنى ئۆگەنگەن. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئىنسانلارنى هايۋانلاردىن زور دەرىجىدە پەرقلەندۈرگەن ھەم ھەر خىل يىرتقۇچ هايۋانلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە مەلۇم دەرىجىدە كۈچ ئاتا قىلغان. ئەڭ دەسلەپتە ئىنسانلارنىڭ ئوۋ هايۋانلىرىنى پىشۇرۇپ يېيىش ئېھتىياجى گۈلدۈرماما پەيدا بولغاندىكى چاقماقتىن هاسىل بولغان ئوت ئاپەتلىرى ياكى باشقا سەۋەبلەردىن يۈز بەرگەن ئوت ئاپەتلىرىدە كۆيۈپ كاۋاپ بولۇپ قالغان هايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەپ ئۇنىڭ تەملىك ھەم ئاسان ھەزىم بولىدىغانلىقىنى بايقىغانلىقىدىن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزلىرى ياشىغان جايلارنىڭ شارائىتىغا ئۇيغۇنلىشىش، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ھەم كۆپلىگەن ئۆزگىچە مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يارىتىپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ

ئالغا ئىلگىرىلىشى، جۈملىدىن بىر پۈتۈن جۇڭگو مەدەنىيە-
تىنىڭ ئالغا بېسىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشقان.
ئوتقا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ
بىر پۈتۈن مەدەنىيەت سىستېمىسىدا زور سالماقنى ئىگىلە-
گەن بولۇپ، ئوتتىن پايدىلىنىپ يېمەكلىكلەرنى پىشۇ-
رۇش، ئوتقا مۇناسىۋەتلىك ئېتىقاد، ئوتقا مۇناسىۋەتلىك
چۈشەنچىلەر ۋە پائالىيەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان
مەدەنىيەت تارىخىدا زور ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپلا
قالماي، ھازىرقى دەۋردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ھا-
ياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، ئوتقا مۇناسىۋەت-
لىك بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرى باشقا مىللەتلەرنىڭ
بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدىن روشەن ئۆزگىچىلىكنى
ھاسىل قىلغان، قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلاردىكى ئوت
پەيدا قىلىش، ئۇنى ئىشلىتىش ۋە ساقلاشنىڭ كونكرېت
ئۇسۇلى، جەريانى توغرىسىدا بىز تەپسىلىي ئۇچۇرلارغا
ئىگە بولمىغان بولساقمۇ، بەزىبىر تارىخىي مەنبەلەر تەمىن-
لىگەن مەلۇماتلار ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان
ئوتقا مۇناسىۋەتلىك قاراش ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق، بىز
ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوتنى ئىشلىتىش ۋە ساقلاش ھەققىدى-
كى بىر قىسىم قاراشلىرى، ئۇسۇللىرى توغرىسىدا بەزى
چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالايمىز. قەدىمكى تۈركىي تىللىق
مىللەتلىرىدىكى ئوتنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى تۆ-
ۋەندىكى ئەپسانە بىزنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى قوزغاي-
دۇ:

«بىرىنچى ئادەم يەر يۈزىگە كەلگەندىن كېيىن،
ھەممىگە قادىر تەڭرى ئۆلگىن (ئۆڭگىن) ئۇنىڭغا ئوت-
چۆپ بېرىپتۇ ھەم ‹سەن بۇلارنى تېتىپ باق، بۇلار سېنىڭ
يېيىشىڭنى ياخشى كۆرىدۇ› دەپتۇ. ‹تارگىننامە›دىكى بە-
رىنچى ئادەم ئوت-چۆپ ۋە مېۋىنى يەپ بېقىپتۇ ۋە
ئۇنىڭ ئوزۇق بولىدىغان يېمەكلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.
بىرىنچى ياز كۈنى ئوت-چۆپ ۋە مېۋىنى يەپ باققان
تارگىن ساغلام ۋە كۈچلۈك تۇرغۇدەك. ياز كېتىپ قىش
كىرگەن كۈنلەردە، تارگىن جاپا تارتىپتۇ، يازنىڭ بالدۇر-
راق كېلىشىنى ئارزۇ قىلىپتۇ. ئەپلەپ-سەپلەپ يۇرۇپ
يازغا ئۇلىشىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن قىشلىق ئۇچۇن يېمەكلىك
توپلاشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. ئەمما قىشلىقى ھەرخىل ھايۋانلار
كېلىپ پاراكەندە قىلىپ ئۇنىڭغا ئارام بەرمەپتۇ. تارگىن
كالتەك ئېلىپ ئۇلارنى قوغلاپتۇ. ھايۋانلار بولسا تارگىن-
نىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىپتۇ. ئۆلگىن ئۇلارغا: ‹ھايۋانلار
ئوت-چۆپ يېسۇن، ئادەملەر گۆش يېسۇن ھەم
ئۇلارنىڭ (ھايۋانلارنىڭ) تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيسۇن›
دەپتۇ. ئەڭ دەسلەپ كىشىلەر ئوت-چۆپ ئارقىلىق ھايا-
تىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ چاغلاردا تېخى ئوتقا
ئېھتىياجى چۈشمىگەن. ئۆلگىن تەڭرى ئۇلارغا گۆش يې-
يىشنى ئەمر قىلغاندىن كېيىن، ئوت يېقىش ئېھتىياجى
چۈشكەن. ئۆلگىن تەڭرى ئاسماندىن بىر دانە قارا تاش
ۋە بىر دانە ئاق تاش ئېلىپ چۈشۈپ، ئۇنى قۇرۇق ئوت-
چۆپ ئۇستىگە قويۇپ، قولنى يۇرىكىگە يېقىپ تۇرۇپ،
دۇرۇد ئوقۇپ تاشنىڭ ئۇستىگە قويۇپتۇ. ئاندىن يەنە بىر
تاش بىلەن ئۇرغاندىن كېيىن چۆپكە ئوت تۇتۇشۇپتۇ.
ئۆلگىن تەڭرى مۇشۇنداق قىلىپ بىرىنچى قېتىم كىشىلەر-
گە ئوت يېقىشنى ئۆگىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ، بۇ
ئوت بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۈچىنىڭ تاشنىڭ ئۇستىگە
چۈشۈشى بىلەن بارلىققا كەلگەن دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ»①.

يۇقىرىقى ئەپساندىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، قە-
دىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلىرىنىڭ قارىشىچە، ئوت ئەڭ
دەسلەپكى تەڭرى تەرىپىدىن ئىنسانلارنىڭ پايدىلىنىشى
ئۈچۈن پەيدا قىلىنغان. تۈركىي تىللىق مىللەتلىرىنىڭ بۇ
خىل قارىشىدىن بىز قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ
ئوتنى بىر خىل سىرلىق نەرسە دەپ قارايدىغانلىقىنى، ئۇ-
نىڭغا ئىلاھىي تۈس بېرىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.
ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئۇزاق تا-
رىخقا ئىگە قەدىمىي مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتىن
پايدىلىنىش، ئۇنى ساقلاش جەھەتلەردە ئۆزگىچە قاراش-
لارنى ھەم ئوتقا مۇناسىۋەتلىك خىلمۇخىل قاراش ۋە ئا-
دەتلەرنى شەكىللەندۇرگەن.

ئىنسانشۇناسلار ئوتنى ئاياللارنىڭ ئىختىرا قىلغانلىقى-
نى دەلىللىگەن. ئەمما قەدىمكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە
ئوت ئىلاھ تەرىپىدىن، يەنى ئايال جىنسلىق ئىلاھ تەرىپى-
دىن پەيدا قىلىنغان دەپ قارالغانلىقتىن، كېيىنكى دەۋرلەر-
دىمۇ ئوت يېقىش، ئوتنى ساقلاش قاتارلىقلارغا ئاياللار
مەسئۇل قىلىنغان. ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزاق زامانلار-
دىن بېرى، ئوت يېقىشتىكى ئاساسلىق ئورۇن بولغان
تونۇر، ئوچاق قاتارلىقلارغا ئاياللار مەسئۇل بولۇپ
كەلگەن، ئاياللارنىڭ بۇ خىل ئورنى يىراق قەدىمكى
ئوت ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرقى دەۋرگىچە

داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل ئەنئەنە ئاغزاكى ئەدەبىياتىمۇ ئەكس ئەتكەن. «ئۇيغۇرلارنىڭ چۆچەك، داستان، قىسسەلىرىدە، ئايال جادۇگەر ئوت بار ئۆينىڭ ئىگىسى قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويغان ياكى يوقىتىپ قويغانلار ماددىي ۋە روھىي جەھەتتىكى چىقىمغا قارىماي جادۇگەردىن ئوت ئالغان②.

تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ ئوتقا بولغان ئىزدىنىشى ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ خىل ئىزدىنىش ئەڭ دەسلەپكى ئوتنى ئىلاھ ياراتقان سىرلىق نەرسە ياكى ئۇنىڭ ئۆزىنى بىر خىل ئىلاھ، دەپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىشتىن، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەنگە قەدەر ناھايىتى ئۇزاق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن. جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئوتتىن پايدىلىنىش، ئۇنى تونۇش جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئۇسۇلى ۋە كۆز قارىشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئادەت ۋە پائالىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئوتنى بايقاش، ساقلاش ۋە ئۇنى تونۇش جەريانىنى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئەڭ دەسلەپكى تەبىئىي ئوتنى بايقاپ ئۇنى ئىشلىتىش باسقۇچى. ئارخېئولوگىيەلىك بايقاشلارغا ئاساسلانغاندا، ئىنسانلار كونا تاش قورال دەۋرى — بۇنىڭدىن 18 مىڭ يىللار مۇقەددەم يەنى، ۋاراۋارلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدا تەبىئىي ئوتنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا باشلىغان. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئوتقا بولغان ئىزدىنىشىنى شۇنىڭدىن كېيىن رەسمىي باشلانغان دېيىشكە بولىدۇ. بەزى قەدىمىي ئارخېئولوگىيەلىك جايلاردىن بۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان چاقماق تاش دېگەندەك نەرسىلەر قېزىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ بىزنى شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ھەرقايسى جايلاردا كىشىلەرنىڭ ياشاش مۇھىتى ئوخشاش بولمىغاچقا ئوتنى تونۇپ، ئۇنى ئىشلىتىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ۋاقىت جەھەتتە ئىلگىرى - كېيىن بولسىمۇ، مەيلى قايسى جايدىكى ئادەملەر بولمىسۇن بۇ بىر تەرەققىيات باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.

ئىككىنچى، ئوتنى سىرلىقلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش باسقۇچى. ئىنسانلارنىڭ ئوتقا بولغان قىزىقىشى، ئىزدىنىشى تارىختىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن، ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسى ۋە كىشىلەرنىڭ بىلىش سەۋىيەسى ئوتنى تولۇق چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت بەرمىگەچكە، ئوت بايقىلىپ تاكى 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگىچە كىشىلەر ئوتنىڭ سىرىنى بىلەلمىگەن. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، دەسلەپتە كىشىلەر ھەر خىل تەبىئىي سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان ئوتنى بىر خىل تەبىئەت ھادىسىسى دەپ چۈشىنىپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغان. كېيىنچە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشى ۋە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارزۇسى ئۇنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشكە ئىلھاملاندۇرغان. لېكىن، كىشىلەرنىڭ بىلىش سەۋىيەسى ئۇنى چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت بەرمىگەچكە كىشىلەر ئۇنى بىر خىل سىرلىق نەرسە، دەپ قارايدىغان بولغان. ئوتقا بولغان بۇ خىل خاتا تونۇش تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئۇنىڭدىن قورقۇشنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بىز بۇنىڭ مىساللىرىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پەيدا بولغان ئوتقا مۇناسىۋەتلىك دىنلار، ئوتقا مۇناسىۋەتلىك مۇراسىم پائالىيەتلىرى ۋە ئاغزاكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئىزاھلىيالايمىز. زوروئاستىر دىنى، يۇنانلىقلاردىكى پىرومېسنىڭ ئوت ئوغرىلىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە قاتارلىقلار بۇنىڭغا ئەڭ ياخشى مىسال بولالايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە زوروئاستىر دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولغان. «زوروئاستىر دىنى كىشىلەر ھازىرغىچە بايقىغان ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمىي دىنلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ پەيدا بولغان دەۋرى توغرىسىدا ھەر خىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت»③. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن پارسلارنى بويسۇندۇرۇپ يۇنانلاشتۇرۇش يولغا قويۇلغان دەۋرلەر (مىلادىدىن بۇرۇنقى 330 ـ 141)دە بۇ دىنىنىڭ تارقىلىشى بىر قەدەر پەسكويغا چۈشكەن. «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بويسۇندۇرۇلغان رايونلارنىڭ مەدەنىيەت، دىنىي ئېتىقادىغا كۈچلۈك قىزىققان ھەم كەڭ قويۇۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويغان. لېكىن ئىلگىرىكى پارسلارنىڭ يۇنانغا قىلغان تاجاۋۇزچىلىقى سەۋەبىدىن بۇ دۆلەتكە بۇ خىل كەڭ قويۇۋېتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزمىگەن»④. پارس ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرى (مىلادى 224 ـ 651 يىللار)گە كەلگەندە قايتا گۈللىنىپ، ئۇنىڭ دىن سىستېمىسى مۇكەممەللەشكەن.

ئوتنىڭ بۇ دىندىكى ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئىلاھ بىلەن ئالاقىلىشىدىغان ۋاستە دەپ قارالغان. ئوتنى ھەر ۋاقىت ئۆچۈرۈپ قويماي، گۈلخاندا داۋاملىق ئوت كۆيدۈرۈلگەن ھەم ئۇزاققىچە ساقلانغان. بىر قىسىم ئار-خېئولوگىيەلىك مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بۇ دىننى مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە سوغدىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن قوبۇل قىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇددا دىنى، مانى دىنى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۇي-غۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن، ئۇنىڭ تەسىرى ھازىرقى ئىسلام دىنى شارائىتىدىمۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى تېخى تولۇق يوقاتقىنى يوق. ئۇيغۇرلاردىكى ئوچاقنى ئۇلۇغ-لاپ، ئۇنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇش، ئايرىم جايلاردا ساقلىنىپ قالغان يېڭى تويى بولغان يىگىت - كېلىنلەرنى گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇپ ئوتنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈش قا-تارلىق ئادەتلەر، ئوتقا قاراپ تۈكۈرمەسلىك، ئوتقا غەيرىي نەرسىلەرنى تاشلىماسلىق، كۈلگە ئەخلەت قاتار-لىق مەينەت نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرماسلىق قاتارلىق پەر-ھىزلەر، كېسەل كىشىلەرنى ئوتلاپ قېقىش، ئۆلار ياتقان ئۆيگە چىراغ يېقىپ قويۇش، ئوت كۆچۈرۈش، ئىسرىق سېلىش قاتارلىقلار مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئۈچىنچى، ئوتنىڭ سىرىنى تولۇق چۈشىنىش باسقۇ-چى. ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى بىلەن ئاخىر كىشىلەر ئوتنىڭ سىرىنى يەشتى. فىرانسىيەلىك لا ئوسىير (1743 ـ 1794) ئۆزىنىڭ تەتقىقاتى ئارقىلىق ئوتنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. يەنى ئوتنىڭ ئېنېرگىيەنىڭ بىر خىل شەكلى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ تەك ئىيونلۇق زەررىچىلەردىن تۈزۈلىدىغانلىقى، يېقىلغۇ-لارنىڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا ئاستىدا، كۆيۈشكە ياردەم بەرگۈچى گازلارنىڭ تەسىرىدە كۆيۈشتىن ھاسىل بولغان نۇر ۋە ئىسسىقلىق چىقىرىش جەريانى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلى-دى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئوتنىڭ سىرىنى بىلىش ئىزدىنىشى ئاخىرقى ھېسابتا نەتىجىلىك ھالدا تاماملاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرخىل يېڭى يېقىلغۇلارنىڭ بايقىلىشى



ھەم بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر نۇرغۇن ئوت پەيدا قىلىش ئۇسۇللىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئەجدادلىرىمىز ياشىغان جايلار، مەيلى ئوۋچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرلەر ۋە ياكى مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرلەر بولسۇن، تەبىئىي شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغانلىقى ۋە ھەر خىل مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان جايلار بولغانلىقى ئۈچۈن، تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئەتراپىدىكى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا ئىلگىرىلەش قەدىمى تېز بولغان. ئەسلىي گېپىمىزگە كەلسەك، ئەجدادلىرىمىز ئوتنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى تېخىمۇ ئۇزاق ساقلاش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرغان ھەم ئۆزگىچە ئوت ساقلاش ئادەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك دەۋرىدە ئوتنى قانداق قىلىپ ئۇزاق ۋاقىت ساقلاش ناھايىتى قول تۇتىدىغان ئىش بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭ ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. «ئولتۇراق تۇرمۇش شارائىتىدا ئوتنى ساقلاش ئانچە تەسكە چۈشمىگەن، چۈنكى مۇقىم ئوچاق ئىچىدە ئوت ئۇزاق مۇددەت ساقلانغان. كۆچمەن تۇرمۇش شارائىتىدا، يۆتكىلىشچان ئۇرۇق - قەبىلە ئەزالىرى باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى قاتارىدا ئوتنى يۆتكەشكە كۆپ باش قاتۇرغان ھەم ئوتنى يۆتكەش ئىنتايىن قىيىنغا چۈشكەن. بۇنىڭ بىلەن ئوتقا مەسئۇل قىلىنغان ئاياللار بارلىق چارە - ئاماللار بىلەن ئوتنى ساقلىغان، قوغدىغان ۋە بىخەتەر جايغا يۆتكىگەن»⑤.

ئەجدادلىرىمىز مۇقىم ئولتۇراقلىشىش شەكلىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئوتنى ساقلاش بىر قەدەر ئاسانغا توختىغان. لېكىن ئوت ئۆچۈپ قالغاندا يەنىلا قايتا ئوت يېقىش زۆرۈر بولغاچقا ئوت يېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەرگە موھتاج بولغان بولۇپ، ھەر ۋاقىت بۇ خىل ئۈسكۈنىلەرنى ئۆيدە ساقلىغان. ئۇ دەۋرلەردە تېخى ھازىرقى زاماندىكىگە ئوخشاش سەرەڭگە، چاقماق قاتارلىقلار ئىختىرا قىلىنمىغان بولغاچقا، ئوت ئۈچقۇنى پەيدا قىلالايدىغان تاشلار ئۇلارنىڭ ئوت تۇتاشتۇرۇش ۋاسىتىسى بولغان. ئۇندىن باشقا كىشىلەر سىلىق تاختا ياغاچلارنى بىر - بىرىگە تېز سۈرئەتتە سۈركەپ قىزىتىپ، ئۇنىڭغا ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان پاختىنى تەگكۈزۈپ، ئاندىن ئۇنى پۈۋلەپ ئۇنىڭ ئوتنى ئۇلغايتىش ئارقىلىقمۇ ئوت ياققان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، ئوت ناھايىتى مۇقەددەس نەرسە بولۇپ، ئۇ ھاياتلىقنىڭ، تەڭرىنىڭ شاپائىتىنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئائىلىلەردە ياكى كىشىلەر كۆپ توپلىشىدىغان پائالىيەتلەردە گۈلخان يېقىپ تىلاۋەت قىلىش ئادەتلىرى بولغان. ئوت بار ئائىلىدە بەخت، مېھىر - مۇھەببەت ئۈزۈلمەيدۇ، دەپ قارىلىدىغان بولغاچقا، ئائىلىلەردە ئوتنىڭ ئۆچۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىگەن، ئوتنى ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئۇزاقىچە ساقلاپ ئۆچۈرۈپ قويماسلىققا تىرىشقان. بۇ ھەقتە ئۇيغۇرلارنىڭ داڭلىق سېھىرلىك چۆچىكى «چىن تۆمۈر باتۇر»دا، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئوۋغا چىقىشتىن بۇرۇن سىڭلىسى مەختۇمسۇلاغا ئۆزى ئوۋدىن قايتىپ كەلگىچە ئۆگزىگە چىقماسلىقنى، ئوتنى ئۆچۈرمەسلىكنى، ئوت ئۆچۈپ قالسا باشقىلاردىن ئوت سورىماسلىقنى تاپىلىغانلىقى، مەختۇمسۇلانىڭ ئاكىسى كېتىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن زېرىكىپ ئۆگزىگە چىققانلىقى، مۈشۈك، توخۇلىرىنىڭ ئوتنى ئۆچۈرۈۋەتكەنلىكى، مەختۇمسۇلانىڭ ئامالسىز سول تەرەپتىكى تۈتۈن چىققان ئۆيگە ئوت سوراشقا بارغانلىقى، ئۇ ئۆيدىكى موماي (يەتتە باشلىق يالماۋۇز)نىڭ مەختۇمسۇلاغا تېزەككە ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى، مەختۇمسۇلانىڭ تېزەكتىكى ئوت ئارقىلىق ئۆيدە ئوت تۇتاشتۇرۇپ گۆش پىشۇرغانلىقى قاتارلىق ئوتقا ئالاقىدار بايانلار بار بولۇپ، بۇ بايانلار بىزنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوت ئىشلىتىش، ئوت ساقلاش ۋە ئوت سوراش ئادەتلىرى ھەققىدىكى بەزى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئوچاق ۋە تونۇر ئوت ساقلايدىغان ئاساسلىق جاي بولغان. ئوچاقلارغا ئۇزۇن كۆيىدىغان توغراق، ئۆرۈك قاتارلىقلارنىڭ چوڭ كۆتەكلىرىنى سېلىپ قويۇپ، ئۇزاقىچە ئوتنى ئۆچۈرمىگەن ياكى چوغ، چۈچۈلا قاتارلىقلارنى قوقاسقا كۆمۈپ، ئۇنى قايتا ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا كونا سامانغا ياكى كونا پاختىغا ئوت يېقىپ توپىغا كۆمۈپ قويۇپ ساقلاش شەكىللىرىمۇ بولغان. كېيىنرەك ياغاچ كۆمۈر ۋە چىگە ئارغامچا قاتارلىقلار ياسالغاندىن كېيىن، شۇلارغا ئوت يېقىپ قويۇپ، بۇلارنىڭ ئۇزۇن كۆيۈش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ئوت ساقلاش ئۇسۇللىرىمۇ قوللىنىلغان. بۇ ھەقتە يەنە

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى، مەرھۇم ھاجى ئىمىن
تۇرسۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيە-
تى» ناملىق كىتابىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئوچاقتا
ئائىلىنىڭ ھاياتى ۋە روناق تېپىشىنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە
دائىم ‹قوقاس› ساقلىناتتى. ئائىلىنىڭ ئوتى مەڭگۈ ئۆچ-
مەسلىكى ئۈچۈن، ئاغۇن ياكى ئۆگە قوقاسنى كۈلگە
كۆمۈپ قوياتتى ۋە لازىم بولغاندا كۈلنى ئېچىپ، پۈۋلەپ
ئودغۇچ / ئوزغۇچ قىلاتتى. قوقاس ئۆچۈپ قالسا، ئۆز
قاياشلىرىدىن تىلەپ، ئارچا ۋە ئارتۇچ شېخىدا ئېلىپ كې-
لەتتى»⑥.

كېيىنكى دەۋرلەردە ئوت يېقىشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەر
خىل ئەسۋابلار مەيدانغا كەلگەن. بۇ يەردە ئۇيغۇر ئائىلى-
لىرىدە 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تاكى 20 - ئەسىر-
نىڭ 80 - يىللىرىغىچە ئىشلىتىلگەن «تاختا گۈگۈت» نىڭ
رولىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قى-
لىشقا بولمايدىغان بولۇپ، بۇ خىل ئوت تۇتاشتۇرۇش قو-
رالىنىڭ ئىشلىتىلگەن ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزاق، ئوينىغان
رولىمۇ ناھايىتى چوڭ بولغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا تاختا
گۈگۈتنى ئەڭ دەسلەپتە بىر مۇزىكا ئەسۋابلىرى ئۇستىسى
ياساپ چىققان. بۇ خىل گۈگۈت قۇرۇق تېرەك ياكى
سۆگەت قاتارلىق تالالىرى بىر قەدەر تۈز بولغان ياغاچ-
لارنىڭ نېپىز تارشىسىنىڭ بىر ئۇچىغا ئېرىتىلگەن گۈڭ-
گۈرتنى تەگكۈزۈپ، ئاندىن ئۇنى قۇرۇتۇپ ياسىلىدىغان
بولۇپ، ئوت تۇتاشتۇرۇش توغرا كەلگەندە پىچاق ئارقى-
لىق ئاز - ئازدىن يېرىپ ئىشلىتىلگەن. ھازىر بىز ئىشلىتى-
ۋاتقان قاپلىق سەرەڭگىگە ئىشلىتىلگەن ئاساسلىق ماتېرى-
يال ياغاچ تاياقچىسى، گۈڭگۈرت، زەھەرسىز فوسفور قا-
تارلىقلار بولۇپ، 1848 - يىلى گېرمانىيەلىك بېتكار تەرىپى-
دىن كەشىپ قىلىنغان. ئەينى دەۋردە بۇ خىل سەرەڭگە-
نىڭ پەيدا بولۇشى ناھايىتى مۇھىم بىر بايقاش بولۇپ، بۇ
خىل سەرەڭگىنىڭ ياساپ چىقىلىشى بەزى كىشىلەرنىڭ
تۇرمۇشى ئۈچۈن زور قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلسىمۇ، با-
ھاسى ناھايىتى قىممەت بولغاچقا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ-
دىن پايدىلىنالمىغان. بۇ خىل سەرەڭگە رايونىمىزدا 80 -
يىللاردىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇر ئا-
ئىلىلىرىدە تاختا گۈگۈت، قاپلىق سەرەڭگە قاتارلىقلار
ئىشلىتىلگەن يېقىنقى دەۋرلەردىمۇ قوشنىلار ئارا ئوت
سوراش قاتارلىق ئادەتلەر پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمىگەن
(ئوت سوراشتا ئوتۇن پارچىسىغا ياكى ھايۋانات تېزەكلى-
رىگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ سوراشتىن باشقا چوغ سوراش
شەكلىمۇ بولغان). بۇنىڭدىكى بىر مۇھىم سەۋەب سەرەڭ-
گىنىڭ باھاسى قىممەت بولۇپ ئۇنى تېجەش بولسا، يەنە
بىر تەرەپتىن قوشنىلار ئارىسىدىكى ئىناقلىقنى ئىلگىرى
سۈرگۈچى ــ نەرسە ئارىيەت ئېلىش - ئارىيەت بېرىش
ئادەتلىرىنىڭ كۈچىدىن بولغان.

مىللىتىمىزدە ئوتقا بولغان ھېرىسمەنلىكنىڭ تەدرى-
جىي ئاجىزلىشى بىلەن ئائىلىلەردە ئوت ساقلاش ئادىتى
ئاستا - ئاستا سۇسلاشتى. ئۇنىڭدىن باشقا يېقىنقى يىللار-
دىن بېرى، ئوت يېقىشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل ئەسۋاب-
لار مەيدانغا كەلدى. ھەر خىل قولاي سەرەڭگە، خىلمۇ-
خىل يېقىلغۇلۇق چاقماقلار ياسالدى. بۇنىڭ بىلەن ئائىلى-
لەردە ئوت ساقلاشنىڭ زۆرۈرىيتى ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى
يوقاتتى. لېكىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇر-
مۇشى جەريانىدا يېتىلدۈرگەن، ئوتقا باغلانغان كۆز قا-
راشلىرى مۇجەسسەملەشكەن مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنىڭ
بىر مۇھىم ئىپادىسى بولغان ئوتنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنىڭ
خېلى ئۇزاق ۋاقىت داۋام قىلىدىغانلىقى ئېنىق.

ئىزاھاتلار:

① ف. ئى. ۋېربىتسكى: «ئالتايدىكى يىللار»، 97 - بەت؛
ئابدۇقادىر ئىنان: «شامانىزمنىڭ بۈگۈنى ۋە ئۆتمۈشى» جۇڭگو
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى باستۇر-
غان خەنزۇچە تەرجىمىسى، 1979 - يىل 12 - ئاي، 77 - بەت.
(غەيرەتجان ئوسماننىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»
ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى
ئۇيغۇرلارنىڭ ئوت مۇقەددەسلىك قارىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇ-
لاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە ئېلىنغان نەقىل.)

②، ⑤ غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئوت
مۇقەددەسلىك قارىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ
ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2008 - يىللىق 3 - سان.

③ جاڭشياۋگۇي: «ئوتتۇرا ئەسىر جۇڭگوچە زورۇئاستىر
دىنىدىن ئارخېئولوگىيەلىك بايانلار» مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى
نەشرىياتى، خەنزۇچە، 2010 - يىلى 3 - ئاي، 3 - بەت.

④ شىلىپى: «غەربىي دىياردىكى سىرلىق ئوت ــ قەدىمىي
پارسلارنىڭ زورۇئاستىر دىنى»، خەلق گۈزەل سەنئەت نەشرىيا-
تى، 2004 - يىل 5 - ئاي نەشرى، خەنزۇچە، 28 - بەت.

⑥ ھاجى ئىمىن تۇرسۇن: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»،
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل 3 - ئاي نەشرى، 141 - بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنس-
تىتۇتى 2010 - يىللىق فولكلور كەسپىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى)

# دولانلارنىڭ ئوۋچىلىق ئادىتى





**ئېلى ئېقىل**

ئوۋچىلىق ئىنسانلارنىڭ دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە كۆچۈشتىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي تۇرمۇش شەكلى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي قەبىلىلەردىن بىرى بولغان دولانلار، جۈملىدىن مەكىت دولانلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداپ، مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۇزاق تارىختىن بۇيان تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى قۇم بىلەن بوستانلىق كېسىشكەن ئۇزاقتىن- ئۇزاققا سوزۇلغان چۆللەردە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

دولانلار تارىختىن بۇيان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ غەربىي گىرۋەكلىرىنى چۆرىدەپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، يەكەن ناھىيەسىنىڭ مەكىتكە يېقىن يېزا- كەنتلىرىدىن باشلىنىپ، تاكى ئاقسۇنىڭ ئاۋات ناھىيەسىدىكى غوروچۆلگە تۇتىشىدىغان ھىلال ئايسىمان بۇ كەڭرى زېمىن، تارىختىن بۇيان دولانلارنىڭ پائالىيەت مەيدانى بولۇپ كەلگەن. گەرچە باشقا مىللەت، باشقا قوۋم كىشىلىرىگە ئوخشاش، دولانلارمۇ ئىجتىمائىي ھايات دولقۇنلىرىدا باشقا جايلارغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان ئەھۋاللار بولغاچقا، بايىنغولىن، غۇلجا، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەردە دولان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، دولان مەھەللىلىرى پەيدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئوۋچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن دولان مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى يەنىلا تەكلىماكان بويلىرىدىكى قۇم بىلەن بوستانلىق كېسىشكەن خىسلەتلىك زېمىندا رويابقا چىققان.

تەكلىماكان دۇنياغا مەشھۇر 2- چوڭ قۇملۇق بولۇپ، ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىدىن ئادەم ئولتۇراقلاشقان جايلارغىچە بولغان نەچچە ئون كىلومېتىر ئارىلىقتا، يۇلغۇن، توغراق، سوكسوك، قومۇش، قامغاق ... قاتارلىق ھەر خىل تۈردىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن بولغاچقا ياۋا تۆگە، توڭگۇز، كېيىك، تۈلكە، توشقان، قىرغاۋۇل ... قاتارلىق ھايۋانلار بۇ جايلاردا ياشاپ ئاۋۇغان،





پېشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، ھەتتا 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا مەكىت ناھىيەسىنىڭ قىزىلئاۋات يېزا ـ قىزىلجى كەنتىدىكى قازانكۆل چۆللۈكىگە تۇتاش بولغان «قىزىلجى خېنىم مازىرى»دا كىشىلەر تىرىك يولۋاسنىمۇ ئۇچراتقان.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، دولانلار دەل ـ دەرەخ، باغباراڭ ئەھيا قىلىشقا ھېرىسمەن خەلق بولۇپ، قۇم ۋە بوراندىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئېكىن يەرلەرنىڭ ئەتراپىغا توغراق، تېرەك، سۆگەت قاتارلىق ئىھاتە ئورمانلىرىنى سالسا، ئۆي ـ مەھەللە ئەتراپىغا مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆپلەپ سېلىپ، باغ ئەھيا قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن يېشىللىق دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلار يارىتىلغان. ئەنە شۇ ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا دولانلار، جۈملىدىن مەكىت دولانلىرى كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش، شۇنداقلا مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىزچىل تۈردە ئوۋچىلىق ئادەتلىرىنى يېتىشتۈرگەن ۋە ئۆزىگە خاس ئوۋ قوراللىرىنى ياساش بىلەن بىللە يەنە بىر يۈرۈش ئوۋ ئوۋلاش ئۇسۇللىرىنى كەشىپ قىلغان.

ئوۋ ئوۋلاشتا گەرچە ئوۋچى ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ھەرقانچە ماھىر ئوۋچىمۇ قۇرۇق قول ئوۋ ئوۋلىيالمايدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئوۋچى ئۈچۈن ئوۋ قوراللىرى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، مەكىت دولانلىرىمۇ ئوۋ مىلتىقى، ئوقيا، نەيزە، ساچقاق، چوماق، قاپقان، تۇزاق، قىلتاق، قىسماق، تور، چەتمەك، لەخمە، باسماق قاتارلىق ئوۋ قوراللىرىنى ياساپ ئىشلەتكەندىن باشقا، بۈركۈت، قارچىغا، ئوۋ ئىتى قاتارلىقلارنىمۇ كۆندۈرۈپ ئوۋغا سالغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئوۋ قوراللىرىدىن، ئوۋ مىلتىقى سىنتۇۋۇل ئۈچىدىن پۇرۇخ قۇيۇپ چىڭدىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەكىلسىز يۇملاق قوغۇشۇن ئوقىنى سېلىپ ئاتىدىغان ئىپتىدائىي مىلتىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىدە يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسالغان ئىككى پۇت بولىدۇ. بۇ خىل مىلتىق بىلەن ئوۋ ئوۋلايدىغانلار مەكىت دولانلىرى ئارىسىدا «پاۋان» دەپ ئاتىلىدۇ. پاۋانلار ئاتلىق ياكى پىيادە ئوۋغا چىقىپ نىشانىنى بايقىغاندىن كېيىن خۇددى شىر ـ يولۋاسلارغا ئوخشاش چاتقاللار ئارىسىدا يوشۇرۇن ئۆمىلەپ مېڭىپ، نىشانغا تۇيدۇرماي يېقىنلىشىدۇ. ئاندىن مىلتىقنىڭ ياغاچ پۇتىنى يەرگە دەسسىتىپ مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، كۆڭۈل قويۇپ قارىغا ئالىدۇ. ناۋادا بىر پاي ئوق بىلەن نىشاننى يىقىتالمىسا، ئۈركۈپ كەتكەن ھايۋانلارنى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئىزدەپ تېپىش مۇمكىن بولمىغاچقا ئوۋچىلىق پاۋانلاردىن يۇقىرى ماھارەتلىك مەرگەنلەردىن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. گەرچە دۇنيا 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى قوغداش ۋە باشقا ئېھتىياجلار بىلەن مىلتىق كۆتۈرۈپ ئوۋچىلىق قىلىدىغانلار قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، مەكىت دولانلىرى ئارىسىدا ئاۋۇت پاۋان قاتارلىق ئونغا يېقىن داڭلىق پاۋان بولغان ۋە ئۇلار ئوۋقا، ئىسلىق، خېنىيا، قازان چۆل، قاراڭغۇ توغراق قاتارلىق تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى يۇرت ۋە جاڭگاللاردا ئوۋچىلىق قىلغان.

ئوقيا ۋە نەيزە گەرچە دولانلارغا خاس ئوۋ قوراللىرى بولمىسىمۇ، 1980 ـ يىللاردا مەكىت ناھىيەسىنىڭ غازكۆل يېزا تەۋەسىدىكى جاڭگاللىقتىن تېپىلغان ئوقدان ۋە ئۇنىڭدىكى ئوقيا بىلەن بىللە قويۇلغان قۇش تۇمشۇقى ئەينى زاماندا مەكىت دولانلىرىنىڭ ئوۋچىلىقتا ئوقيا ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. نەيزە مەكىت دولانلىرىنىڭ ياۋا توڭگۇز ئوۋلايدىغان قوراللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەينى يىللاردا ياۋا توڭگۇزلار كۆپىيىپ، زىرائەتلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلغاندا، بىر نەچچە ياكى ئون نەچچە ئوۋچى بىرلىكتە نەيزە كۆتۈرۈپ چىقىپ ئوۋ ئىتلىرىنىڭ ياردىمىدە ياۋا توڭگۇزلارنى ئوۋلايدىغان ئادەتلەر بولغان.

ساچقاق ــ مەكىت دولانلىرىنىڭ مەخسۇس بېلىق ئوۋلايدىغان ئوۋ قورالى بولۇپ، گەرچە ھازىر بۇ خىل قورالنى ئىشلىتىدىغانلار بولمىسىمۇ، لېكىن مەكىت ناھىيەسىنىڭ تۇمەنتال يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ ھازىرمۇ «ساچقاق» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقىنىدىن قارىغاندا، بېلىق ۋە باشقا سۇ مەھسۇلاتلىرى مول بولغان ئەينى زاماندا بۇ خىل قورال كەڭ ئىشلىتىلگەن. پېشقەدەملەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ساچقاق نەيزىگە ئوخشاش ئۇچلۇق، ئەمما ئۇچىنىڭ بىر تەرىپىدە كىچىك ئىلمىكى بار ئۆتكۈر ئوۋ قورالى بولۇپ، ماھىر بېلىق ئوۋلىغۇچىلار كىچىك قولۋاقلارنى تېز ھەيدەپ يۈرۈپ دەريا ـ كۆللەردە ساچقاق بىلەن بېلىق تۇتقان. بېلىق ئوۋچىلىقى

مەكت دولانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس يەنە بىر ئۇۋ تۈرى بولۇپ، ساچقاق بىلەن سانجىپ بېلىق ئۇۋلاشتىن باشقا يەنە، تور ۋە قارماق تاشلاش، قىشتا كاچكۇلغا چىراغ يېقىش، يازدا ئوتقاش كۆتۈرۈپ بېلىقلارنى ئالداپ تۇتۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغان. ئوتقاش ياساپ بېلىقلارنى ئالداپ تۇتۇش بىر خىل ئۆزگىچە ئادەت بولۇپ، ياز ئايلىرىدىكى تۈن قاراڭغۇسى بولغان كېچىلەردە بىر ئادەم ئىككى قولىدا ئوتقاش كۆتۈرۈپ سۇدا ماڭىدۇ. بىر نەچچە ئادەم ساچقاق ياكى ئۇچلانغان يۇلغۇن ياغاچلىرىنى تەخلەپ، ئوتقاش كۆتۈرگەن ئادەمگە ئەگىشىدۇ، بېلىقلار ئوتقاشقا قىزىقىپ، سۇ يۈزىگە چىققان هامان سانجىپ تۇتۇلىدۇ.

قاپقان ۋە توزاق — جەرەن قاتارلىق چوڭراق هايۋانلارنى ئوۋلاش ئۈچۈن ياسالغان ئوۋ قوراللىرى بولۇپ، ئاۋۋال شۇ خىل هايۋاننىڭ دائىم ماڭىدىغان چىغىر يوللىرى ئېنىقلىنىدۇ. ئاندىن شۇ چىغىر يولنىڭ ئەپلىك جايىغا قاپقان ياكى توزاق قۇرۇلۇپ، ئۈستى ئەخلەت - چاۋا بىلەن بايقالمىغىدەك يېپىلىپ، قاپقان ياكى توزاقنىڭ زەنجىرى دەرەخكە، دەرەخ بولمىسا قوزۇق قېقىلىپ، ئاشۇ قوزۇققا باغلاپ قويۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق قاپقانغا چۈشكەن ئوۋنىڭ قاپقاننى سۆرەپ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

چوماق — يىلتىزى بار يۇلغۇن ياغىچىدىن ياسىلىدىغان بېشى چوڭ، دەستىسى ئەپلىك ئاددىي ئوۋ قورالى بولۇپ، ئاساسەن توشقان ئوۋلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. قىشلىرىدىكى ئارىسالدى ۋاقىتلاردا كوللېكتىپ ئوۋغا چىققاندا، ئوۋچىلار مۇۋاپىق ئارىلىق تاشلاپ، سۈر هەيۋە بىلەن ئوۋنى ئۇۋىسىدىن چىقىپ قېچىشقا مەجبۇرلايدۇ ۋە قورشايدۇ. بۇ چاغدا ئۇۋىسىدىن چىقىپ قاچقان توشقانلار چوماق بىلەن سوقۇپ ئوۋلانسا، تۈلكىلەر قۇش ئارقىلىق، قىرغاۋۇللار قارچىغا ئارقىلىق ئوۋلىنىدۇ.

قىلتاق، قىسماق، تور، چەتمەك، باسماق، لەخمە قاتارلىقلار ئاساسەن قۇش، قارچىغا، قىرغاۋۇل، كەپتەر، قۇشقاچ قاتارلىقلارنى تۇتۇشقا ئىشلىتىدىغان ئوۋ قوراللىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىن قىلتاق بىلەن قىسماق مەخسۇس كەپتەر تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، تور قارچىغا، توشقان ۋە جەرەن باللىرىنى تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. تور بىلەن قارچىغا تۇتۇشتا، قارچىغا ئاساسەن كۆرگىدەك بىر جايغا تور قۇرۇلۇپ، ئىچىگە تىرىك كەپتەر باغلاپ قويۇلىدۇ. قارچىغا كەپتەرنى كۆرگەندىن كېيىن، شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەپتەرگە ئۆزىنى ئۇرىدۇ-دە، تورغا ئىلىنىشىپ قالىدۇ. بۇ چاغدا تور ئىگىسى ئاسانلا قارچىغىنى تۇتۇۋالىدۇ. تور بىلەن توشقان ياكى جەرەن باللىرىنى تۇتۇش، قۇش، قارچىغا بىلەن ئوۋچىلىق قىلىش بارا-بارا ئازىيىپ كەتكەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۇسۇل بولۇپ، بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىشتا ئوۋچىلار ئاۋۋال توشقان ياكى جەرەن باللىرىنىڭ ئۇۋىسى، دائىم ماڭىدىغان چىغىريولنى پىششىق بىلىۋالغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق بىر يەرنى تاللاپ تورنى قۇرىدۇ. ئاندىن بىر نەچچە ياكى



ئون نەچچە ئادەم ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئۇۋنى
ئۈركۈتۈپ تور تەرەپكە ھەيدەيدۇ، ئۈركۈپ كەتكەن
ئۇۋلار ئۆزلىرىگە تونۇش بولغان چىغىر يول ئارقىلىق
قېچىپ ماڭغاندا تورغا ئىلىنىپ يىقىلىدۇ-دە، ئۇۋچىلار
كېلىپ تۇتۇۋالىدۇ.

چەتمەك، باسماق، لەخمە قاتارلىق ئۇۋ قوراللىرىمۇ
جىگدىچۇك، كەپتەر، قىرغاۋۇل قاتارلىقلارنى تۇتۇشقا
ئىشلىتىلىدۇ. قوشۇپ قويۇشقا تېگىشلىكى شۇكى، لەخمە
ئارقىلىق كەپتەر تۇتۇشتىن باشقا، ياۋا توڭگۇزلارنىمۇ تۇ-
تۇشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى پەرق لەخمىنىڭ چوڭ-كىچىك-
لىكىدە بولۇپ، كەپتەرگە كولانغان لەخمە نىسبەتەن كى-
چىكرەك، ياۋا توڭگۇزغا كولانغان لەخمە توڭگۇز پاتقۇ-
دەك ھەمدە چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن چىقالمىغۇدەك
قىلىپ چوڭ ۋە چوڭقۇر كولىنىدۇ.

مەكىت دولانلىرىنىڭ ئۇۋچىلىق ئادىتىدە ئالاھىدە
تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى،
قۇش ۋە قارچىغا كۆندۈرۈش قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتا-
يىن يۇقىرى بولغان مۇشكۈل ئىش بولۇپ، ئاسماندا
ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرىدىغان گۆشخور قۇشنى ئادەم-
نىڭ كۆڭلىدىكى مۇددىئاسىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۆزىگە ئى-
تائەت قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يېتەرلىك
ئەقىل-پاراسەت ۋە سەۋر-تاقەت كېرەك بولىدۇ. گەرچە
زامانىۋىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، قۇش-
قارچىغا باقىدىغان شارائىت يوقىلىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئى-
يەتتە، مەكىت دولانلىرى ئارىسىدىمۇ قۇش-قارچىغا باقى-
دىغانلارنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ بېرىۋاتقان بولسى-
مۇ، لېكىن ئالدىنقى ئەۋلاد قۇشچىلاردىن ئابدۇرەھىم
بەختى، قايىم پازىل، ئۆمەرداڭ، ئوبۇل نۇرەك، تۇرەك
قادىر، ئابدۇجېلىل ئىلەك، ئابدۇراخمان ئەيسا، تۇرسۇن
خەلپە قاتارلىقلار قۇش بېقىپ كۆندۈرۈپ، ئۇۋچىلىق
قىلىش بىلەن بىللە، قۇشنى ھاياتىدىكى مۇھىم ھەمراھ سۈ-
پىتىدە ئەتىۋارلاپ، ئۆمۈر بويى قۇشتىن ئايرىلمىغان.
قۇش-قارچىغا بېقىپ ئۇۋچىلىق قىلىش، مەكىت دولانلىرى
ئارىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ، ئۇۋچىلىق مەدەنى-
يىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن قۇش، قار-
چىغا كۆندۈرۈشنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇللىرى مەيدانغا
كەلگەن، ھەتتا ئاتقا توقۇلىدىغان ئېگەرلەرگىمۇ مەخسۇس
قۇش قوندۇرىدىغان ئورۇنلار لايىھەلىنىپ، «قۇشبېشى»
دەپ ئاتالغان. ئائىلىلەردە بولسا، قۇشنى تۆلەككە سالىدى-
غان مەخسۇس قاراڭغۇ ئۆيلەر، قۇش قوندۇرىدىغان
مەخسۇس قونداقلار بولغان ۋە قۇشنىڭ مايىقىغا قاراپ،
شۇ قۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا ھۆكۈم قىلالايدىغان،
قۇش كۆندۈرۈش تەجرىبىسى مول بولغان قۇشچىلار
«باخشى» دەپ ئاتالغان.

ئۇۋچىلىق گەرچە بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ نە-
زەرىدە ئىنسانپەرۋەرلىككە مۇخالىپ بولغان بىر خىل
شەپقەتسىز ھەرىكەت بولسىمۇ، لېكىن دولانلار، جۈملىدىن
مەكىت دولانلىرى ئۇۋچىلىقنى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ نەسلى-
نى قۇرۇتىدىغان نەپسانىيەتچىلىك ھەرىكىتى قىلىۋېلىشتىن
ساقلىنىپ، تەبىئىي تەڭپۇڭلۇقنى ساقلايدىغان ئىلمىي ھەرى-
كەت سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا
ياۋايى ھايۋانلار ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپىيىدىغان ئەتىياز
كۈنلىرى، شۇنداقلا بۇغا-ماراللارنىڭ بوغاز بولغانلىقى بى-
لىنىشىسە ئۇۋ قىلىشنى توختاتقان.

ئۇۋچىلىق ئۇزاق تارىختىن بۇيان دولانلارنىڭ ئىج-
تىمائىي ھاياتىدا خۇددى چارۋىچىلىق ۋە دېھقانچىلىققا
ئوخشاش مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن
زامانىۋىلىشىش، يەر شارىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىششى،
تەكلىماكان بىلەن دولان يۇرتلىرى ئارىسىدىكى ياۋايى
ھايۋانلار ماكان قىلغان بوشلۇقنىڭ شىددەت بىلەن تارىيى-
شى قاتارلىق خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نۆۋەتتە
مەكىت دولانلىرى ئارىسىدا ئۇۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدى-
غانلار بارغانسېرى ئازىيىپ بارماقتا. گەرچە ئالدىنقى قۇر-
لاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەندەك، ئۇۋچىلىق بۈگۈنكى
زامان كىشىلىرىنىڭ نەزەرىدە قارشى ئېلىنمايدىغان پائالى-
يەت بولسىمۇ، لېكىن مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە را-
ۋاجلاندۇرۇش، جۈملىدىن دولانلارنىڭ ئۆزىگە خاس
بولغان ئەنئەنىۋى ئۇۋچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ تامامەن يو-
قىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، نەسلى قۇرۇش
خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ھايۋانلارنى قوغداش، شۇنداقلا
ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇققا ھۆرمەت قىلىش ئالدىنقى
شەرتى ئاستىدا بولۇپمۇ ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن-
بەلگىلىمىلىرى ئاساسىدا دولانلىقلار ئارىسىدىكى ئۇۋچى-
لىق پائالىيەتلىرىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىشكە تېگىشلىك،
بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارنى كۈچەيتىش مەدەنىيىتىمىزنىڭ
كۆپ قاتلاملىقنى، رەڭدارلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ دەپ
قارايمىز.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنىدا)



# داۋازلىق ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى

ئابدۇرېشات مۇساجان توغرۇل

دارۋازلىق — تۈركىي تىللىق مىللەتلىرى ۋە
پارسلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ماھارەت كۆرسىتىش پا-
ئالىيىتى بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلى-
رىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
دارۋازلىق كەسىپلىشىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس بولۇپ
داۋاملىشىپ كەلگەن.

دارۋازلىقتا ماھارەت كۆرسىتىدىغان قۇرۇلما «دار»
دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، ياغاچ ياكى
باشقا نەرسىلەردىن ئېگىز قىلىپ قۇرۇلغان ئاددىي قۇرۇلما-
لار «دار» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى: ئادەمنى ئېسىپ ئۆلتۈرۈ-
دىغان قۇرۇلما، ئات تاقىلاشتا، ئاتنى باغلاپ تۇرغۇزىدى-
غان قۇرۇلما... قاتارلىقلارمۇ «دار» دەپ ئاتىلىدۇ. دارۋاز-
لار ماھارەت كۆرسىتىدىغان قۇرۇلما بىر دانە ھەم چوڭ،
ھەم ئۇزۇن ياغاچنى تىكلەپ (ئەگەر تەلەپكە لايىق ئۇزۇن-
لۇقتا ياغاچ بولمىسا، ئىككى، ھەتتا ئۈچ ياغاچنى بىر - بىرى-
گە باغلاپ تىكلىنىدۇ)، ئۇچىغا چاسا شەكىللىك ياكى
دۈگىلەك قىلىپ تاختاپەرە قۇرۇپ، ئارقان بىلەن يەرگە
تارتىپ مۇنتىزىملاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن تاختاپەرىدىن يەرگە
يانتۇ قىلىپ ئارقان تارتىلىدۇ. دارنىڭ ئېگىزلىكى ئەڭ پەس
بولغاندا تۆت - بەش مېتىر، ئەڭ ئېگىز بولغاندا 15~ 16
مېتىر بولىدۇ، يەرگە تارتىلغان ئارقاننىڭ ئۇزۇنلۇقى ئەڭ
قىسقا بولغاندا سەككىز - ئون مېتىر، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا
30 ~ 35 مېتىر بولىدۇ. يانتۇلۇقى ئادەتتە 30 گىرادۇس
ئەتراپىدا بولىدۇ. مۇۋاپىق ئارىلىقتىن ئىنچىكە ئارقان تار-
تىلىپ، يانتۇ ئارقان مۇنتىزىملاشتۇرۇلىدۇ. دارنىڭ ئېگىز
ياكى پەسلىكى، يانتۇلۇق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆ-
ۋەنلىكى، تارتىلغان ئارقاننىڭ توم - ئىنچىكىلىكى قاتارلىق-
لار ماھارەت كۆرسەتكۈچىنىڭ ماھارىتى ۋە ماھارەت كۆر-
سىتىدىغان مەيدانىنىڭ شارائىتى قاتارلىقلارغا باغلىق بولىدۇ.

ماھارەت كۆرسەتكۈچى ئۇزۇن بادرا ياكى شۇنىڭغا
ئوخشاش نەرسىدىن ياسالغان تەڭشەكنى كۆتۈرۈپ،
ئارقان ئۈستىدە مېڭىپ ۋە ماھارەت كۆرسىتىپ، تاختاپە-
رىگە چىقىدۇ ۋە تاختاپەرىدە ماھارەت كۆرسىتىپ، ئويۇن-
نى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. تەڭشەك — ئاساسلىقى ماھارەت كۆر-
سەتكۈچىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ۋە كۈتۈلمىگەن
ئەھۋال يۈز بەرگەندە ئۆزىنى قوغداش رولىغا ئىگە. ماھا-
رەت كۆرسىتىشتە ئاساسلىقى ئارقان ئۈستىدە ئالدى - كەي-
نىچە مېڭىش، تەخسە كىيىپ مېڭىش، كۆزىنى ياغلىق

بىلەن باغلاپ مېڭىش، ئارقان ئۈستىدە ئولتۇرۇش، يېتىش، ماھارەتتە كامالەتكە يەتكەنلەر ئارقان ئۈستىگە ئورۇندۇق قويۇپ ئولتۇرۇش، ۋېلسىپىت مىنىش... قاتارلىق خەتەرلىك ماھارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دار ئاستىدا بىر بۆلەك كىشى ناغرا- سۇناي چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، قوشاق ئوقۇپ، ماھارەت كۆرسەتكۈچىگە مەدەت بېرىدۇ. ماھارەت كۆرسەتكۈچى مەلۇم باسقۇچلۇق ماھارەتنى ئورۇنلاپ بولۇپ بىر قېتىم مۇناجات ئوقۇيدۇ.

ئۇنداقتا دارۋازلىق زادى قانداق پەيدا بولغان؟ بۇ ھەقتە ھازىرغىچە ھەر خىل قاراشلار بار. مېنىڭچە دارۋازلىق قۇياش ئېتىقادچىلىقىنىڭ مەھسۇلى. قۇياش ئېتىقادچىلىقى — ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ئېتىقادچىلىقىنىڭ يادروسى. قۇياش ئېتىقادچىلىقىدا ئالەم ئۈچ قەۋەت بولۇپ، بىرىنچى قەۋىتى ئاسمان (كۆك)، بۇ تەڭرىلەر، ئىلاھلار ياشايدىغان ماكان؛ ئىككىنچى قەۋىتى يەر، بۇ ئىنسانلار ياشايدىغان ماكان؛ ئۈچىنچى قەۋىتى جەھەننەم (يەرنىڭ ئاستى) بولۇپ، بۇ جىن- شاياتۇن، ئالۋاستىلار ياشايدىغان ماكان، قۇياش كۈندۈزى شەرقتىن چىقىپ، يەر يۈزىنى يورۇتۇپ، كەچقۇرۇن غەربتىن يەر تېگىگە كىرىپ، جىن- ئالۋاستىلار بىلەن قان كېچىپ جەڭ قىلىپ، يەر تېگىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ، ئەگەر قۇياش جىن- ئالۋاستىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالسا، قۇياش كۆتۈرۈلمەي، يەر يۈزىنى جاھالەت باسىدۇ دەپ قارىغان. ئۇلار ئىنسانلارغا بەخت- سائادەت ۋە ئاسايىشلىقنى قۇياش ئاتا قىلىدۇ دەپ قاراپ، تۈرلۈك دىنىي مۇراسىملاردا قۇياشقا مۇناجات ئوقۇش، قۇياشقا تېۋىنىش ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار قۇياشنىڭ كۆرمەي ياكى ئاڭلىماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تاغ ئۈستىگە ياكى ئېگىز، ئوچۇقچىلىقلارغا ئىبادەت سۇپىسى ياساپ، پېرىخونلار بۇ سۇپىدا تۈرۈپ دىنىي مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلغان ۋە ئۆز تىلەكلىرىنى قۇياش ئىلاھىغا ئېيتقان. «ۋېيىنامە» 103 - جىلد «ئېگىز ھارۋىلىقلار تەزكىرىسى»دە: «ھۇن تەڭرىقۇتى ئىككى قىز پەرزەنت كۆردى، ھۆسن- جامالى شۇ قەدەر گۈزەل ئىدىكى، پۇقرالار (ئۇلارنى) ئىلاھە دەپ قارىدى. تەڭرىقۇت ‹مېنىڭ مۇشۇنداق قىزلىرىم بوپتۇ، ئادەمگە مۇناسىپ كەلمەس، تەڭرى بىلەن بىرگە بولغاي› دەپ، دۆلەتنىڭ شىمالىدىكى ئادەمزات يوق يەرگە ئېگىز سۇپا ياسىتىپ، قىزلىرىنى ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ‹تەڭرى ئۆزى قوبۇل قىلغاي› دېدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ بىر جەھەتتىن ھۇنلارنىڭ كۆكتەڭرىگە چوقۇنۇش ئېتىقادىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر جەھەتتىن ئىبادەت قىلىش، تېۋىنىش شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلار قۇياشقا تېخىمۇ يېقىن تۇرۇپ تىلاۋەت قىلىش مەقسىتىدە ئوچۇقچىلىققا ئېگىز موما (دار) قاداپ، نەزىر- چىراغ بۇيۇملىرىنى مومىغا ئېسىپ ئىبادەت قىلىشقان. «تارىخىي خاتىرىلەر، ھۇنلار تەزكىرىسى»دە، ھۇنلارنىڭ ھەر يىلى ئۈچ قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزىدىغانلىقى، كۈز پەسلىدە نوپۇسنىڭ كۆپىيىش- كېمىيىش ئەھۋالى ۋە مال چارۋىلارنىڭ ئاۋۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەندىن باشقا، قالغان ئىككى قېتىملىقنىڭ ھەممىسىدە كۆكتەڭرىگە تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن يىغىلىدىغانلىقى، كۆكتەڭرىگە ئاتالغان نەزىر- چىراغ بۇيۇملىرى ئېگىز سۇپا ئۈستىگە ياكى موما ئۈستىگە قويۇلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگىنىگە ئوخشاش، تۈركلەر ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆكتەڭرىگە تېۋىنىپ نەزىر قىلاتتى. «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ 40چى ئېگىزلىكتە ياغاچ موما قاداپ، موما ئۇچىغا توخۇ باغلاپ، ئاستىغا قوي باغلاپ نەزىر قىلىش شەكلى بايان قىلىنغان.

كېيىنچە، پېرىخونلار موما ئۈستىگە تىلاۋەت سۇپىسى ئورنىتىپ، نەزىر- چىراغ بۇيۇملىرىنى سۇپا ئۈستىگە قويۇپ، پېرىخون سۇپا ئۈستىگە چىقىپ تىلاۋەت قىلىش ئادىتى شەكىللەنگەن. بۇ خىل موما ئۈستىدىكى تىلاۋەت سۇپىسىغا چىقىپ- چۈشۈش قىيىن بولغانلىقى، شوتا قويۇلسا پېرىخوندىن باشقا كىشىلەرمۇ چىقىپ چۈشۈپ، پېرىخونلارنىڭ ئالاھىدە ئورنى ۋە ئىمتىيازىغا دەخلى يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئاخىر تىلاۋەت سۇپىسىغا ئارقان تارتىپ، ئارقان ئارقىلىق مېڭىپ چىقىپ تىلاۋەت قىلىشقا تەرەققىي قىلغان. پېرىخونلارنىڭ ئارقان ئۈستىدە مېڭىپ، تىلاۋەت سۇپىسىغا چىقىپ چۈشۈشى — پېرىخونلارنىڭ سېھرىي كۈچىنى تېخىمۇ بەك نامايان قىلىپ، ئۇلارنى سېھرىلەشتۈرۈپ، تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئارقان ئۈستىدە تۈز يولدا ماڭغاندەك ماڭالايدىغان قىلىپ كۆرسىتىپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى ۋە چوقۇنۇشىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرغان. بۇ خىل شەكىلدە ئىبادەت قىلىش شامانىزم دەۋرىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان. دارۋازلىق ئەنە شۇنىڭدىن باشلىنىپ، كىشىلەر باشقا دىنلارغا كۆچكەندە شامان دىنىدىن ۋاز كەچمىگەن ئاتەشپەرەسلەر ئارىسىدا يەنىلا داۋاملىشىپ كەلگەن. كىشىلەر شامان دىنىدىن ئۈزۈل- كېسىل ۋاز كەچكەندىن كېيىن، دارغا چىقىش- ماھارەت كۆرسىتىش ئويۇنغا ئۆزگىرىپ، سەنئەت تۈسىنى ئېلىپ، دارۋازلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىپ پۇل تېپىش ۋاستىسىگە ئايلانغان. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، شامان دىنى ئاساسىدا شەكىللەنگەن مۇناجات ئوقۇش — ئىسلام دىنى ئاساسىدا مۇناجات ئوقۇپ، ئاللادىن ئامان- ئېسەنلىك تىلەشكە ئۆزگەرتىلگەن.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك مەدەنىيەت تەنتەربىيە ئىدارىسىدە)



# قاراقاش نانلىرى

ئايمۇھەممەد ساھىبى

## ياڭاق نېنى

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، خېمىر تۇرۇچ، تۇز، سۇ، سۈت، سۇ مېيى، ياڭاق مېغىزى.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ، سۈت، سۇ، سۇ مېيى، تۇز ئېرىتمىسى قويۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر سۇ ئارىلاشتۇرۇلماي سۈت، سۇ مېيى بىلەن يۇغۇرۇلسا نېنى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۆرلىتىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ سائەت ئەتراپىدا پاكىز داستىخان ياكى رەخت، سولياۋ يوپۇق بىلەن يۆگەپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭغىچە ياڭاق مېغىزى تەييارلىنىدۇ. ياڭاق مېغىزىنىڭ پۈتۈنلىرى ئۇۋۇلۇپ، يەر ياڭىقى، ئۆرۈك مېغىزىنىڭ چوڭلۇقىدەك ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. ياڭاق نېنىنى ئائىلىدە كان ئوچاقتا، تونۇرغا يېقىشقىمۇ بولىدۇ. تونۇرغا يېقىشتا تونۇر ئوت قالاپ ئاقارتىلىدۇ. تونۇر يۈزى تەكشى ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن دۇدخانا ئاغزى ئېتىلىپ، تونۇر ئىچىدىكى ئوت ئوتتۇرىغا يىغىۋېتىلىدۇ. ئاندىن تونۇر يۈزىگە قول بىلەن بىر قۇر تۇز ئېرىتمىسى ئۇرۇلۇپ تونۇر ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. خېمىر ئۆرلىگەندىن كېيىن پەشخۇنغا ئېلىنىپ، سېلىندىر شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئاندىن چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ھالەتتە زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ. زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ بىر قۇر تاۋلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئىككى زۇۋۇلا بىر-بىرىگە جۈپلىنىپ پەشخۇنىڭ بىر تەرىپىگە تىزىلىپ ئۈستىگە چۈچۈتۈلگەن سۇ مېيى سۈرتۈلۈپ يېپىپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زۇۋۇلا بىر باشتىن ئېلىنىپ نېپىز قىلىپ كېڭەيتىلىدۇ. زۇۋۇلا كېڭەيتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا ياڭاق مېغىزى سېلىنىدۇ. ياڭاق مېغىزى بىر قۇر يېيىتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن نانىنىڭ جىلتى تۈرۈلۈپ چەمبەر شەكلىدە يۆگىلىدۇ. ئاندىن يەنە كېڭەيتىلىپ نانىنىڭ يۈزى ئېچىلغاندىن كېيىن گەزنىگە ئېلىنىپ، ئازراق تۇز ئېرىتمىسى سۈرتۈلۈپ تونۇرغا يېقىلىدۇ. تۇز ئېرىتمىسى سۈرتۈلمەي تۇخۇم سۇيۇقلۇقى سۈرتۈلسە نانى تونۇرغا چاپلاشتۇرۇش ھەم پىشقاندىن كېيىن تونۇردىن ئاجرىتىپ ئېلىش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ. نان ئۇلىمۇ پاكىز، مەززىلىك پىشىدۇ، ياڭاق نېنى ياغلىق توقاچقا ئوخشاش قىزىرىپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن تونۇردىن ئېلىنىدۇ.

نۆۋەتتە قاراقاشتىكى مەخسۇس ياڭاق نېنى يېقىپ ساتىدىغان ناۋاي ئۇستىلار بۇ نانىنىڭ خېمىرىنى خېمىر

يۇغۇرۇش ماشىنىسىدا يۇغۇرماقتا. ياڭاق نېنىنىڭ خېمىرىنى ماشىنا ئارقىلىق يۇغۇرۇش ئىش تەرتىپىدە ئالدى بىلەن ماشىنىغا يېتەرلىك ئۇن، ياڭاق مېغىزى سېلىنىپ، تۇز ئېرىتمىسى، سۈت، سۇ مېيى قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر ئۆرلىگەندىن كېيىن پەشخۇنغا ئېلىنىپ زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ. زۇۋۇلا بىر قۇر تاۋلىنىپ يايغۇ بىلەن يېيىلغاندىن كېيىن تۇخۇم سۇيۇقلۇقى سۈرتۈلۈپ تونۇرغا يېقىلىدۇ ياڭاق نېنىنى بۇنداق تەييارلىغاندا ئىش تەرتىپى تېخىمۇ پاكىز ھەم كۆپ ئاسان بولىدۇ.

ياڭاق نېنىنىڭ ئالاھىدىلىكى: ياڭاق نېنى قاراقاشنىڭ ئالاھىدە يېڭى نان تۈرى ھەم ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چۈرۈك، يۇمشاق، مەززىلىك، تەملىك، يېيىشلىك، ئائىلىدە يېقىپ يېيىشكىمۇ، بازاردا سېتىشقىمۇ بولىدۇ. ئاسان قېتىپ بۇزۇلۇپ، كۆكىرىپ قالمايدۇ. نۆۋەتتە بۇ نان قاراقاشتا ناھايىتى تېز ئومۇملىشىپ، توي-مەرىكە، مېھماندارچىلىق داستىخانلىرىدا كاكچا، ياغلىق توقاچنىڭمۇ ئۈستىگە تىزىلىپ مېھمان ئۇزىتىدىغان ئەتىۋارلىق نانغا ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە نۆۋەتتە بۇ ناننىڭ بازىرى ئېچىلىپ ناھىيە ئىچى-سىرتىدا قاراقاشنىڭ بۇ خىل ياڭاق نانلىرىغا بولغان ئىستېمال ئېھتىياجى بارغانچە ئېشىپ بارماقتا.

## گۆشگىردە

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، تۇز، سۇ، گۆش، پىياز، زىرە، قارىمۇچ، ئاقمۇچ.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: ئۇنغا تۇز ئېرىتمىسى، سۇ قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. گۆشگىردە خېمىرى ھەر قانداق ناننىڭ خېمىرىغا قارىغاندا قاتتىق يۇغۇرۇلىدۇ. شۇڭا گۆشگىردە خېمىرى يۇغۇرغاندا سۇنى ئاز-ئازدىن قۇيۇپ كۆپ چىڭداش تەلەپ قىلىنىدۇ. گۆشگىردە خېمىرى خېمىرتۇرۇچ قوشۇلماي پېتىر يۇغۇرۇلىدۇ. ئۆرلىتىلمەيدۇ. شۇڭا خېمىر يۇغۇرۇلۇپ بولۇنۇشى بىلەن پەشخۇنغا ئېلىنىپ سېلىنىدىر شەكلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ھالەتتە زۇۋۇلا ئۈزۈش باشلىنىدۇ. خېمىرنىڭ چىڭلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۇۋۇلا قويۇق پۇخۇن (ئۇن) سېپىلىپ تاۋلىنىدۇ. تاۋلىنىپ بولۇنغان زۇۋۇلا پەشخۇننىڭ بىر بېشىدىن باشلاپ تىزىلىپ ئۈستىگە پاكىز داستىخان ياكى رەخت، سولياۋ يوپۇق يېپىپ قويۇلىدۇ. گۆشگىردىگە قىيما تەييارلاشتا ئالدى بىلەن يېتەرلىك گۆش، پىياز توغرىلىپ، چاپقۇ بىلەن ئۇششاق چانىلىپ، بىر قاچىغا سېلىنغاندىن كېيىن ئۈستىگە تۇز ئېرىتمىسى، ئاز مىقداردا سۇ قۇيۇلۇپ، زىرە، قارىمۇچ، ئاقمۇچ سېلىنىدۇ. ئاندىن قول بىلەن مۇجۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئادەتتە گۆشگىردە قىيمىسىغا قوي گۆشى ئىشلىتىلىدۇ. قوي مېيى بىلەن كالا گۆشى ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. گۆشگىردىنىڭ زۇۋۇلىسى بىلەن قىيمىسى تەييارلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن زۇۋۇلا كېڭەيتىلىپ جىلت تەييارلىنىدۇ. جىلت تەييارلاشتا زۇۋۇلا پۇخۇن ئۈستىدە يېيىتقۇ بىلەن يېيىتىلىپ، گىرۋەكى نېپىز، ئوتتۇرىسى سەل قېلىنراق قىلىپ تەييارلىنىدۇ. ئاندىن جىلت ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا قىيما سېلىنىپ، جىلتنىڭ گىرۋەكى يىغىلىپ گۆشگىردە تۈگۈلىدۇ. گۆشگىردە تۈگۈلۈپ بولغاندىن كېيىن تۈگۈنچەك يۈزى پەشخۇنغا دۈم قىلىپ، قول بىلەن بېسىپ ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق تونۇر يۈزىگە يېقىلىدىغان ئۆلچى شەكىللەندۇرۇلىدۇ. گۆشگىردە شۇ يوسۇندا بىر-بىرلەپ تۈگۈلۈپ، پەشخۇننىڭ بىر بېشىدىن باشلاپ تىزىپ قويۇلغاندىن كېيىن تونۇر ئاقىرىپ بولغۇچە ئۈستى يېپىپ قويۇلىدۇ.

ئادەتتە گۆشگىردە چوڭ تونۇرغا يېقىلىدۇ. تونۇر ئوت قالاپ تەكشى ئاقارتىلغاندىن كېيىن دۇدخانا ئاغزى ئېتىلىپ، تونۇر ئىچىدىكى ئوت ئوتتۇرىغا يىغىۋېتىلىدۇ. ئاندىن تونۇر يۈزىگە تۇز ئۇرۇلۇپ ھاۋاسى تەڭشەلگەندىن كېيىن گۆشگىردە يېقىلىدۇ. گۆشگىردە يېقىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن تونۇر ئاغزى سۇغا چىلاپ نەمدەلگەن قېلىن توقۇلما رەخت بىلەن يېرىم سائەت ئەتراپىدا يۆگەپ قويۇلىدۇ. بۇ گۆشگىردىنى «خۇيلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تونۇر ئاغزى بىلەن دۇدخانا ئاغزى ئېچىلىپ، پاكىز داستىخان ياكى لۆڭگىنى قاتلاپ تونۇر ئىچىدە پۇلاڭلىتىپ يەلپۈش ئارقىلىق ئوت تەپتى كۈچەيتىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق گۆشگىردە تېز پىششىقا باشلىنىدۇ. گۆشگىردە پىشقاندىن كېيىن زىخ بىلەن چالۇ ئىچىگە قومۇرۇپ ئېلىنىدۇ.

گۆشگىردىنىڭ ئالاھىدىلىكى: گۆشگىردە قاراقاشتا بۇرۇندىن كەڭ ئومۇملاشقان، تارىخى ئۇزاق نانلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. گۆشگىردىنىڭ ئۆلى چۈرۈك، يۈزى يۇمشاق، قىيمىسى شورپىلىق پىشىدۇ. تەمى مەززىلىك، خۇسۇسىيىتى قۇۋۋەتلىك، بولۇپمۇ ئەركەك قوينىڭ گۆشى ئىشلىتىلگەن گۆشگىردە ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، پۈتۈن بەدەننى، رەئىس ئەزالارنى، مېڭە، بۆرەك، باھنى كۈچلەندۈرۈش، مەنى كۆپەيتىش، مەنىي قويۇلدۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولۇپ ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەن، يېڭى كېسەلدىن، تۇغۇتتىن قوپقان، سۈننەت قىلىنغان، سوغۇق

سەپراسى، ھۆللۈكى ئېشىپ كەتكەن، جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىزلاپ قالغان، روھسىز، كەم ماغدۇر، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ يېيىشىگە تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. ئائىلىدە يېيىشكىمۇ، ناۋايخانىنىڭ تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ يېيىشكىمۇ، ئىش ئورنىدا يېيىشكىمۇ، يىراقتىكى تۇغقان، يېقىنلارغا ئەۋەتىشكىمۇ، سەپەرگە چىققاندا ئېلىۋېلىشقىمۇ، مېھمان ئۇزىتىشقىمۇ، داستىخانغا يۆگەپ مېھماندارچىلىققا ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ نان قاراقاش تېبابىتىدە ئاش-تاماقتىن پەرھىز تۇتماي ئۇزۇنغىچە تولۇقلاشقا تېگىشلىك كەم ماغدۇر كىشىلەرنىڭ يېيىشىگىمۇ ھاۋالە قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبىدىن قاراقاشتا ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى، ئاتا-ئانىسى، خوتۇن-بالىلىرى، يېقىن-يورۇقلىرىنى گۆشگىردە بىلەن مېھمان قىلىدىغان ئادەتلەر خېلىلا ئومۇملۇققا ئىگە. نۆۋەتتە قاراقاش گۆشگىردىلىرىنىڭ بەش يۈەنلىك تۈرى، قىيمىسىغا كۆكمۇچ، قىزىلمۇچ، شوخلا، سامساق، كۆك پىياز قوشۇلغان رەڭلىك نۇسخىسى، ئايرىم بۇيرۇتۇپ ياقتۇرۇلىدىغان ئون يۈەنلىك، ھەتتا 25 يۈەنلىك تۈرلىرى بارلىققا كېلىپ ياخشى بازار تاپماقتا ھەمدە قاراقاش گۆشگىردىلىرىگە بولغان ئىستېمال ئېھتىياجى يىلسېرى ئېشىپ بارماقتا.

## كۆمەچ

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، خېمىرتۇرۇچ، تۇز، سۇ، گۆش، پىياز، زىرە، قارىمۇچ، ئاقمۇچ.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ، سۇ، تۇز ئېرىتمىسى قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۆرلىتىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ سائەت ئەتراپىدا پاكىز داستىخان ياكى رەخت، سولياۋ يوپۇق بىلەن يۆگەپ قويۇلىدۇ. كۆمەچ قىيمىسىغا قوي گۆشى ئىشلىتىلىدۇ. قوي مېيى بىلەن كالا گۆشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. قىيما تەييارلاشتا ئالدى بىلەن يېتەرلىك گۆش، پىياز توغرىلىپ، ئۇششاق چانىلىپ بىر قاچىغا سېلىنىدۇ. ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا زىرە، ئاقمۇچ، قارىمۇچ سېلىنىپ، تۇزى تەڭشەلگۈدەك ھالەتتە ئازراق تۇز ئېرىتمىسى بىلەن سۇ قۇيۇلغاندىن كېيىن، قىيما قول بىلەن مۇجۇپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. خېمىر ئۆرلىگەندىن كېيىن پەشخۇنغا ئېلىنىدۇ. پەشخۇنغا ئازراق پۇخۇن (ئاق ئۇن) سېپىلىپ خېمىر سېلىنىدىر شەكلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش قىلىنىپ زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ. زۇۋۇلا پۇخۇن ئۈستىدە بىرقۇر تاۋلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئىككى زۇۋۇلا بىر-بىرىگە جۈپلىنىپ پەشخۇننىڭ بىر تەرىپىگە تىزىلىپ ئۈستى يېپىپ قويۇلىدۇ. كۆمەچ چوڭ تونۇردا پىشۇرۇلىدۇ. ئائىلىدە كان ئوچاقتا پىشۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. كان ئوچاقتا پىشۇرۇشتا ئوتقا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ. تونۇردا پىشۇرۇشتا تونۇر ئوت قالاپ ئاقارتىلىدۇ. تونۇر يۈزى تەكشى ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن دۇدخانا ئاغزى ئېتىلىپ تونۇر ئىچىدىكى ئوت ئوتتۇرىغا ياكى يانغا پاكىز يىغىۋېتىلىدۇ. كۆمەچنىڭ زۇۋۇلىسى، قىيمىسى تەييارلىنىپ، تونۇر ئاقارتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن زۇۋۇلا بىر باشتىن ئېلىنىپ جىلت تەييارلىنىدۇ. جىلت تەييارلاشتا زۇۋۇلا پۇخۇن ئۈستىدە يېيىتقۇ بىلەن يېيىتىلىپ جىلت يۈزى ئېچىلىدۇ. ئاندىن جىلتنىڭ تەڭ يېرىم قىسمىغا قىيما ئېلىنىپ يېيىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن جىلتنىڭ يەنە بىر تەڭ يېرىم قىسمى قىيما ئۈستىگە ئۆرۈلۈپ يېرىم چەمبەر شەكلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىككى گىرۋىكى تەتۈرىسىگە زەنجىرسىمان قاتلىنىپ يىمەلەشتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆمەچ تونۇر تېگىنىڭ ئوتى يىغىۋېتىلگەن ئوچۇق يۈزىگە سېلىپ قويۇلىدۇ. ئوت بىلەن كۆمۈلمەيدۇ. تونۇر تېگى شور تۇز بىلەن قاتۇرۇلغان بولغاچقا كۆمەچ يۇقىرى ھارارەت بىلەن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي مايلىرى تەپچىرەپ قىزىرىپ پىشىدۇ. كۆمەچ پىشىپ بولغۇچە تونۇر يۈزىگە باشقا نانلارنى يېقىشقىمۇ بولىدۇ. كۆمەچ پىشىپ تونۇردىن ئېلىنغاندىن كېيىن پاكىز لۆڭگە ياكى سۇرتكۈچ بىلەن سۈرتۈپ پاكىزلىنىدۇ.

كۆمەچنىڭ ئالاھىدىلىكى: كۆمەچ قاراقاش خەلقى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان، تارىخى ئۇزاق نانلارنىڭ بىرى بولۇپ خۇسۇسىيىتى ئىسسىق، قۇۋۋەتلىك ھېسابلىنىدۇ. تەمى مەززىلىك، يۇمشاق، يېيىشلىك، ئائىلىدە پىشۇرۇپ يېيىشكىمۇ، بازاردا سېتىشقىمۇ بولىدۇ. ناۋايخانىنىڭ ئۆزىدە ئولتۇرۇپ يېيىشكىمۇ، جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار ئىش ئورنىدا يېيىشكىمۇ، سەپەرگە چىققاندا ئېلىۋېلىشقىمۇ، مېھمان ئۇزىتىشقىمۇ، تۇغقان يوقلاشقىمۇ، مېھماندارچىلىققا ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بولۇپمۇ ئەركەك قوينىڭ گۆشى ئىشلىتىلگەن كۆمەچ ئۇزۇنغىچە تولۇقلاش، پۈتۈن بەدەننى، رەئىس ئەزالارنى، مېڭە، بۆرەك، باھنى كۈچلەندۈرۈش، مەنىي كۆپەيتىش، مەنىي قويۇلدۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولۇپ ئۇزۇنغىچە يېتىشمىگەن، يېڭى كېسەلدىن، تۇغۇتتىن قوپقان، سۈننەت قىلىنغان، سوغۇق سەپراسى، ھۆللۈكى ئېشىپ كەتكەن. جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ يېيىشىگە تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. نۆۋەتتە بۇ نان قاراقاشتا كەڭ دائىرىلىك

بازارلىشىپ ئىستېمال قىممىتى ۋە ئىستېمال ئېھتىياجى يىلسىرى ئېشىپ بارماقتا.

### گۆش قىيمىلىق قازان كۆمىچى

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، تۇز، سۇ، گۆش، پىياز، زىرە، قارىمۇچ، ئاقمۇچ.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: گۆش قىيمىلىق قازان كۆمىچىنىڭ خېمىرى پېتىر، ئۆرلىتىلگەن ئىككى تۈرى بولىدۇ. ئىستېمالدا پېتىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ كۆمەچنى تەييارلاشتا ئۇنغا سۇ، تۇز ئېرىتمىسى قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر تۇرۇچ سېلىنمايدۇ. خېمىر يۇغۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن پەشخۇنغا ئېلىنىپ زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ. زۇۋۇلا ئۈزۈشتە بىر كۆمەچنىڭ خېمىرى تەخمىنەن ئىككىگە، ئىككى كۆمەچنىڭ خېمىرى تۆتكە بۆلۈنۈپ ئۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پەشخۇن يۈزىگە ئازراق پۇخۇن (ئاق ئۇن) سېپىۋېتىلىپ، زۇۋۇلا پۇخۇن ئۈستىدە بىر قۇر تاۋلىنىدۇ. زۇۋۇلا تاۋلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئىككى زۇۋۇلا بىر-بىرىگە جۈپلىنىپ ئۈستىدىن قول بىلەن بېسىش ئارقىلىق بىر ئاز كېڭەيتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زۇۋۇلا بىر-بىرىدىن ئاجرىتىلىپ ئايرىم ھالەتتە ياغۇ بىلەن كېڭەيتىلىپ جىلىت تەييارلىنىدۇ. جىلىتنى ياغۇ ئىشلەتمەي قول بىلەن كېڭەيتىپ تەييارلاشقىمۇ بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن بىر كۆمەچ ئۈچۈن چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ئىككى جىلىت تەييارلىنىدۇ. قىيما تەييارلاشتا يېتەرلىك قوي گۆشى، پىياز توغرىلىپ ئۇششاق چانىلىدۇ. ئاندىن بىر قاچىغا ئېلىنىپ ئۈستىگە ئازراق تۇز ئېرىتمىسى، سۇ قۇيۇلۇپ زىرە، قارىمۇچ، ئاقمۇچ سېلىنىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆمەچ جىلىتى ئۈستىگە قىيما سېلىنىدۇ. قىيما تەكشى يېيىتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۈستىگە يەنە بىر جىلىت يېپىلىپ، ئىككى جىلىتنىڭ گىرۋىكى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى جىلىتنىڭ تۇتاشتۇرۇلغان گىرۋىكى زەنجىرسىمان شەكىلدە ئۈستىگە قايرىلىپ تۈگۈلىدۇ. گۆش قىيمىلىق قازان كۆمىچى قازاندا ياكى ئۇل يۈزى تەكشى لېگەنسىمان تاۋىدا پىشۇرۇلىدۇ. قازانغا قارىغاندا تاۋىدا پىشۇرۇش تېخىمۇ قولايلىق. بۇ كۆمەچنى پىشۇرۇشتىن ئاۋۋال قازانغا ياكى تاۋىغا مۇۋاپىق مىقداردا سۇ مېيى قۇيۇلۇپ سۇس ئوتتا قىزدۇرۇلىدۇ. ماي قىزدۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن كۆمەچ يەم بىلەن سېلىنىدۇ. كۆمەچ سېلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن قولغا ئېلىپ سېلىش جەريانىدا قۇرۇشۇپ قالغان يەرلىرى بولسا دەررۇ تۈزلەپ قويۇلىدۇ. كۆمەچ سەل قېتىپ بولغاندىن كېيىن ئاستى يۈزى ئۈستىگە قىلىنىپ ئۆرۈپ قويۇلىدۇ. گۆش قىيمىلىق قازان كۆمىچى شۇ يوسۇندا سۇس ئوت قالىنىپ، بىر نەچچە قېتىم ئۆرۈلۈپ تەكشى قىزارتىلىپ پىشۇرۇلىدۇ.

گۆش قىيمىلىق قازان كۆمىچىنىڭ ئالاھىدىلىكى: گۆش قىيمىلىق قازان كۆمىچى قاراقاشتا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان، تارىخى ئۇزاق ناننىڭ بىرى. تەمى مەززىلىك، يېيىشلىك، خۇسۇسىيىتى ئىسسىق، قۇۋۋەتلىك نان ھېسابلىنىدۇ. ئائىلىدە پىشۇرۇپ يېيىشكىمۇ، مېھمان ئۇزىتىشقىمۇ، مېھماندارچىلىقتا ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بولۇپمۇ ئەركەك قوينىڭ گۆشى ئىشلىتىلگەن گۆش قىيمىلىق قازان كۆمىچى ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، پۇتۇن بەدەننى، رەئىس ئەزالارنى، مېڭە، بۆرەك، باھنى كۈچلەندۈرۈش، مەنىي كۆپەيتىش، مەنىي قويۇلدۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولۇپ ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەن، سوغۇق سەپراسى، ھۆللۈكى ئېشىپ كەتكەن، كەم ماغدۇر كىشىلەرنىڭ يېيىشىگە تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ نان ئائىلىدىن بازارغا يۈزلىنىپ رېستورانلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەتىۋارلىق تائاملىرىغا ئايلىنىپ تېخىمۇ كۆپ ئىستېمالچىلارنىڭ مەيلىنى مايىل، كۆڭلىنى قايىل قىلماقتا.

### سامسا

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، خېمىرتۇرۇچ، تۇز، سۇ، گۆش، پىياز، زىرە، قارىمۇچ، ئاقمۇچ.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ، سۇ، تۇز ئېرىتمىسى قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۆرلىتىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ سائەت ئەتراپىدا پاكىز داستىخان ياكى رەخت، سولياۋ يوپۇق بىلەن يۆگەپ قويۇلىدۇ. سامسا قىيمىسىغا قوي گۆشى ئىشلىتىلىدۇ. قوي مېيى بىلەن كالا گۆشى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. قىيما تەييارلاشتا ئالدى بىلەن يېتەرلىك گۆش، پىياز توغرىلىپ، ئۇششاق چانىلىپ بىر قاچىغا سېلىنىدۇ. ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا زىرە، ئاقمۇچ، قارىمۇچ سېلىنىپ، تۇزى تەڭشەلگۈدەك ھالەتتە ئازراق تۇز ئېرىتمىسى بىلەن سۇ قۇيۇلغاندىن كېيىن، قىيما قول بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. خېمىر ئۆرلىگەندىن كېيىن پەشخۇنغا ئېلىنىدۇ. پەشخۇنغا ئازراق پۇخۇن (ئاق ئۇن) سېپىلىپ خېمىر پۇخۇن ئۈستىدە سېلىندىر شەكلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش قىلىنىپ زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ. سامسا كىچىك

ھەجىملىك نان بولغاچقا زۇۋۇلىسىمۇ كىچىك ئۇزۇلىدۇ.
زۇۋۇلا پۇخۇن ئۈستىدە بىر قۇر تاۋلىنىپ بولۇنغاندىن
كېيىن يېپىتقۇ بىلەن نېپىز يېيىتىلىپ جىلىت تەييارلىنىدۇ.
ئاندىن جىلىت ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا قىيما سېلىنىپ
سامسا تۈگۈلىدۇ. سامسا تۈگۈشتە بازاردا سېتىلىدىغان
سامسا دېگۈدەك بەش بۇرجەك شەكلىدە تۈگۈلىدۇ. تۆت
بۇرجەك شەكلىدە تۈگۈشكىمۇ بولىدۇ، ئادەتتە ئائىلىدە
يېيىش ئۈچۈن يېقىلىدىغان سامسا كۆپىنچە ھاللاردا تۆت
بۇرجەك شەكلىدە تۈگۈلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن شۇ خىل
شەكىل چىقىرىش خاھىشى بىلەن سامسا جىلىتىنىڭ گىرۋە-
كى قىيما ئۈستىگە قاتلىنىپ يىملەشتۈرۈلىدۇ. سامسىنى ئا-
ئىلىدە كان ئوچاقتا يېقىشقىمۇ، چوڭ تونۇرغا يېقىشقىمۇ
بولىدۇ. بازاردا سېتىلىدىغان سامسا چوڭ تونۇرغا يېقىلى-
دۇ. ئادەتتە سامسا يېقىلىدىغان تونۇر كاكچا، گۆشگىردە
دېگەنگە ئوخشاش نانلار يېقىلىدىغان چوڭ تونۇرغا ئوخ-
شىمايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك ھالەتتە يەر
يۈزى ئۈستىگە سۇپا چىقىرىلىپ مەخسۇس سېلىنىدۇ. يۆت-
كىگىلى بولىدىغان قىلىپ سېلىشقىمۇ بولىدۇ، بۇ خىل
تونۇر «ئارا تونۇر» دەپ ئاتىلىدۇ. سامسا يېقىشتىن
ئاۋۋال تونۇر ئوت قالاپ تەكشى ئاقارتىلغاندىن كېيىن
دۇدخانا ئاغزى ئېتىلىپ، تونۇر ئىچىدىكى ئوت ئوتتۇرىغا
يىغىۋېتىلىدۇ. ئاندىن تونۇر يۈزىگە تۇز ئۇرۇلۇپ ھاۋاسى
تەڭشىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سامسا يېقىلىدۇ. سامسا يې-
قىشتا سامسا جىلىتىنىڭ قاتلاپ تۇتاشتۇرۇلغان سول يۈزى
تونۇرغا چاپلاشتۇرۇلۇپ يېقىلىدۇ. سامسا يېقىلىپ بولغان-
دىن كېيىن تونۇر ئاغزى تۆمۈر تاۋاق بىلەن بەش-ئون
مىنۇت ئەتراپىدا بىردەم يېپىپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭغىچە
سامسا مايلىرى تەپچىرەپ، يۈزى قىزىرىپ پىشىپ بولى-
دۇ. سامسا پىشىپ بولغاندىن كېيىن زىخ ئىشلەتمەيلا چالۇ-
نى تەگكۈزۈپ سىيرىپلا ئېلىنىدۇ، سامسا ئاسان پىشقاچقا
تونۇر سوۋۇپ قالغۇچە تەكرار يېقىۋېرىشكە بولىدۇ.

سامسىنىڭ ئالاھىدىلىكى: سامسا قاراقاش خەلقى ياق-
تۇرۇپ يەيدىغان، قاراقاشتا، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
كەڭ ئومۇملاشقان، تارىخى ئۇزاق نانلارنىڭ بىرى
بولۇپ، خۇسۇسىيىتى ئىسسىق، قۇۋۋەتلىك ھېسابلىنىدۇ.
پاكىز، يۇمشاق، تەمى مەززىلىك، يېيىشلىك، قۇۋۋەتلىك،
ئائىلىدە پىشۇرۇپ يېيىشكىمۇ، بازاردا سېتىشقىمۇ بولىدۇ.
ناۋايخانىنىڭ ئۆزىدە ئولتۇرۇپ يېيىشكىمۇ، ئىش ئورنىدا
يېيىشكىمۇ، سەپەرگە چىققاندا ئېلىۋېلىشقىمۇ، مېھمان ئۇزد-
تىشقىمۇ، تۇغقان يوقلاشقىمۇ، مېھماندارچىلىققا ئېلىپ بې-
رىشقىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بولۇپمۇ ئەركەك قوينىڭ گۆشى
ئىشلىتىلگەن سامسا ئۇزۇقلۇق تولۇقلاش، پۇتۇن بەدەن-
نى، رەئىس ئەزالارنى، مېڭە، بۆرەك، باھنى كۈچلەندۈ-
رۇش، مەنىي كۆپەيتىش، مەنىي قويۇلدۇرۇش خۇسۇس-
يەتلىرىگە ئىگە بولۇپ ئۇزۇقلۇق يېتىشمىگەن، يېڭى كې-
سەلدىن، تۇغۇتتىن قوپقان، سۈننەت قىلىنغان، سوغۇق
سەپراسى، ھۆللۈكى ئېشىپ كەتكەن، ئىممۇنىتېت كۈچى
ئاجىز كىشىلەرنىڭ يېيىشىگە تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. بۇ نان
قارىقاش تېبابىتىدە ئاش-تاماقتىن پەرز تۇتماي ئۇزۇقلۇق
كۆپەيتىشكە تېگىشلىك كەم ماغدۇر كىشىلەرنىڭ يېيىشىگە-
مۇ ھاۋالە قىلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قاراقاش سام-
سىلىرىنىڭ «رەڭلىك سامسا» دەپ ئاتىلىدىغان، قىيمىسىغا
كۆكمۇچ، قىزىلمۇچ، شوخلا، سامساق، كۆك پىياز ئارد-
لاشتۇرۇپ يېقىلىدىغان يەنە بىر تۈرى بارلىققا كېلىپ نۆ-
ۋەتتە بۇ سامسىنىڭ بازىرى تېخىمۇ ئىتتىك بولماقتا.

## پېتىر كۆمەچ

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، تۇز، سۇ، پىياز.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: ئۇنغا سۇ، تۇز ئېرىتمىسى قۇيۇ-
لۇپ، توغرالغان پىياز ئارىلاشتۇرۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ.
پېتىر كۆمەچنىڭ خېمىرى خېمىرتۇرۇچ سېلىنىپ ئۆرلىتىلمەي-
دۇ. خېمىر يۇغۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن پەشخۇن ئۈستىگە
ئېلىنىدۇ. پەشخۇنغا ئازراق پۇخۇن (ئاق ئۇن) سېپىلىپ
خېمىر پۇخۇن ئۈستىدە سېلىندىر شەكلىگە كەلتۈرۈلگەندىن
كېيىن چوڭ- كىچىكلىكى ئوخشاش قىلىنىپ زۇۋۇلا ئۈزۈلى-
دۇ. ئاندىن زۇۋۇلا بىر قۇر تاۋلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن
قول بىلەن كېڭەيتىلىپ يۈزى ئېچىلىدۇ. پېتىر كۆمەچنىڭ
زۇۋۇلىسىنى كېڭەيتىپ يۈزىنى ئېچىشتا يايغۇ ئىشلىتىش ھا-
جەتسىز. پېتىر كۆمەچنى ئائىلىدە كان ئوچاقتا پىشۇرۇشقى-
مۇ بولىدۇ. كان ئوچاقتا پىشۇرۇشتا ئوتقا كۆمۈپ پىشۇرۇ-
لىدۇ. بازاردا سېتىلىدىغان پېتىر كۆمەچ بىردەك چوڭ تو-
نۇرنىڭ تېگىدە ئوتقا كۆمۈلمەي ئوچۇق قويۇپ پىشۇرۇلى-
دۇ. پېتىر كۆمەچنى چوڭ تونۇردا پىشۇرۇشتا تونۇر ئوت
قالاپ ئاقارتىلىدۇ. تونۇر يۈزى تەكشى ئاقىرىپ بولغاندىن
كېيىن دۇدخانا ئاغزى ئېتىلىپ تونۇر ئىچىدىكى ئوت ئوتتۇ-
رىغا ياكى يانغا پاكىز يىغىۋېتىلىدۇ. ئاندىن يۈزى ئېچىلىپ
تەييارلانغان كۆمەچ تونۇر تېگىنىڭ ئوتى يىغىۋېتىلگەن
ئوچۇق يۈزىگە سېلىپ قويۇلىدۇ. ئوت بىلەن كۆمۈلمەيدۇ.
تونۇر تېگى شور تۇز بىلەن قاتۇرۇلغان بولغاچقا پېتىر
كۆمەچ يۇقىرى ھارارەت بىلەن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي
تەكشى قىزىرىپ پىشىدۇ. پېتىر كۆمەچ پىشىپ بولغۇچە

تونۇر يۈزىگە باشقا نانلارنى يېقىشقىمۇ بولىدۇ. پېتىر كۆمەچ پىشىپ تونۇردىن ئېلىنغاندىن كېيىن پاكىز لۆڭگە ياكى سۈرتكۈچ بىلەن سۈرتۈپ پاكىزلىنىدۇ.

پېتىر كۆمەچنىڭ ئالاھىدىلىكى: پېتىر كۆمەچ قاراقاش خەلقى ياقتۇرۇپ يەيدىغان، قاراقاشتا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان، تارىخى ئۇزاق نانلارنىڭ بىرى بولۇپ خۇسۇسىيىتى ئىسسىق، قۇۋۋەتلىك ھېسابلىنىدۇ. پىشۇرۇلۇش ئۇسۇلى ئاددىي، پاكىز، خۇرۇچى ئاز، تەننەرخى تۆۋەن، تەمى مەززىلىك، يۇمشاق، يېيىشلىك، بولۇپمۇ تونۇردىن يېڭى ئېلىنغان ئىسسىق پېتىر كۆمەچ تېخىمۇ مەززىلىك، ئائىلىدە پىشۇرۇپ يېيىشكىمۇ، بازاردا سېتىشقىمۇ بولىدۇ. جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار ئىش ئورنىدا يېيىشكىمۇ، مېھمان ئۇزىتىشقىمۇ، تۇغقان يوقلاشقىمۇ، مېھماندارچىلىقتا ئېلىپ بېرىشقىمۇ بولۇۋېرىدۇ. دىققەت قىلىدىغان بىر ئىش — پېتىر كۆمەچنى ئۇزاق ساقلاشقا بولمايدۇ. ئۇزاق ساقلانسا خېمىرى پېتىر بولغاچقا ئاسان قېتىپ بەزلىشىپ قالىدۇ. شۇڭا پېتىر كۆمەچ كۆپىنچە ھاللاردا ئىسسىقىدا يېيىلىدۇ. پېتىر كۆمەچ ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، پۈتۈن بەدەننى، رەئىس ئەزالارنى، مېڭە، بۆرەك، باھنى كۈچلەندۈرۈش، مەنىي كۆپەيتىش، مەنىي قويۇلدۇرۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئوزۇقلۇق يېتىشمىگەن، يېڭى كېسەلدىن، تۇغۇتتىن قوپقان، سۈننەت قىلىنغان، سوغۇق سەپراسى، ھۆللۈكى ئېشىپ كەتكەن، سوغۇق مىجەز، كەم ماغدۇر، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ يېيىشىگە تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. بۇ ھەقتە قاراقاشلىقلار ئارىسىدا سۈننەت قىلىنغان ئوغۇل بالىنى ئوتقا كۆمۈپ پىشۇرۇلغان يەرلىك تۇخۇم بىلەن پېتىر كۆمەچ يېگۈزۈپ ئوزۇقلاندۇرىدىغان، قىز - ئاياللار ياخشى كۆرگەن يىگىتىگە پېتىر كۆمەچ سوۋغات قىلىدىغان، پۇت - قولى زەخىملىنىپ نىمجان بولۇپ قالغان، ماغدۇرى يېتىشمەي ھالسىراپ قالغان، كۈچىدىن قالغان ئەرلەر قۇۋۋەت دورىسى ئورنىدا پېتىر كۆمەچ يەيدىغان ئەنئەنىۋى ئادەتلەر ئاز ئەمەس. نۆۋەتتە پېتىر كۆمەچنى شەھەر ئاھالىلىرى كۆپرەك ئىستېمال قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، بۇ نانىنىڭ سودىسى ياخشى بولماقتا.

## گىردە

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، خېمىرتۇرۇچ، تۇز، سۇ، كۈنجۈت، سىياھدان، پىياز.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: ئۇنغا خېمىرتۇرۇچ سېلىپ سۇ، تۇز ئېرىتمىسى قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۆرلىتىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ سائەت ئەتراپىدا پاكىز داستىخان ياكى رەخت، سولياۋ يوپۇق بىلەن يۆگەپ قويۇلىدۇ. خېمىر ئۆرلىگەندىن كېيىن پەشخۇنغا ئېلىنىدۇ. پەشخۇنغا ئازراق پۇخۇن (ئۇن) سېپىلىپ، خېمىر پۇخۇن ئۈستىدە سىلىندىر شەكلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش ھالەتتە زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ. زۇۋۇلا پۇخۇن ئۈستىدە بىر قۇر تاۋلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن گىردە ياسىلىدۇ. گىردە ياساشتا زۇۋۇلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىگىز بارماق پاتۇرۇلۇپ باشقا بارماقلار بىلەن زۇۋۇلىنى ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق گىردىنىڭ يۇملاق كاتەكچىسى بىلەن تونۇرغا يېقىلىدىغان ئۈلىنىڭ تەكشى يۈزى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. شۇ ھالەتتە گىردە گىرۋىكى قېلىن، كاتەكچىسى چوڭقۇر، ئوتتۇرىسى نېپىز قىلىپ ياسىلىدۇ. گىردە ياسىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن پەشخۇننىڭ بىر بېشىدىن باشلاپ تىزىلىدۇ. ئاندىن يۈزىگە چەككۈچ ئۇرۇلۇپ گۈل چىقىرىپ كۈنجۈت ياكى سىياھدان، ئۇششاق چانالغان پىياز سۈرتۈلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سۈرتۈش ھاجەتسىز. بىرى ياكى ئىككىسى سۈرتۈلسە كۇپايە. گىردە بىردەك چوڭ تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدۇ. گىردە يېقىشتىن ئاۋۋال تونۇر ئوت قالاپ ئاقارتىلىدۇ. تونۇر يۈزى تەكشى ئاقىرىپ بولۇنغاندىن كېيىن دۇدخانا ئاغزى ئېتىلىپ، تونۇر ئىچىدىكى ئوت ئوتتۇرىغا يىغۋېتىلىدۇ. ئاندىن تونۇر يۈزىگە قول بىلەن بىر قۇر تۇز ئېرىتمىسى ئۇرۇلۇپ تونۇر ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گىردە جىلتى يۈزىگە قول بىلەن بىر قۇر يامغۇرسىمان سۇ چېچىۋېتىلگەندىن كېيىن گىردە تونۇرغا يېقىلىدۇ. گىردە تونۇرغا يېقىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن تونۇر ئاغزى سۇغا چىلاپ نەمدەلگەن قېلىن توقۇلما رەخت بىلەن يېرىم سائەت ئەتراپىدا يۆگەپ قويۇلىدۇ. بۇ گىردىنى «خۇيلاش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تونۇر ئاغزى بىلەن دۇدخانا ئاغزى ئېچىۋېتىلىدۇ. گىردە قىزىرىپ پىشقاندىن كېيىن زىخ بىلەن چالۇ ئىچىگە قومۇرۇپ ئېلىنىدۇ.

گىردىنىڭ ئالاھىدىلىكى: گىردە قاراقاشلىقلار ياقتۇرۇپ يەيدىغان، قاراقاشتا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇرۇندىن كەڭ ئومۇملاشقان، تارىخى ئۇزاق نانلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە گىردە «دامان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گىردە بازاردا سېتىش ئۈچۈن يېقىلىدۇ. شۇڭا بىر يۈەنلىك، ئىككى يۈەنلىك قىلىپ چوڭ-كىچىك يېقىلىدۇ. گىردىنى كان ئوچاقتا يېقىپ «خۇيلاش»قا بولمىغاچقا ئائىلىدە

يـەيدىغانلارمۇ بـازاردىن ئـېلىپ يـەيدۇ. گـىردىنىڭ ئۈلى
چۈرۈك، گىرۋىكى يۇمشاق پىشىدۇ. تەمى مەززىلىك، يې-
يىشلىك، بولۇپمۇ تونۇردىن يېڭى ئېلىنغان ئىسسىق گىردە
هـەم يـۇمشاق، هـەم مـەززىلىك، هـەم يـېيىشلىك. گـىردە
مېهمان ئۇزىتىشقىمۇ، مېهماندارچىلىققا، يېقىنلارنى يوقلاشقا
ئېلىپ بېرىشقىمۇ، سەپەرگە چىققاندا ئېلىۋېلىشقىمۇ، يىراقتى-
كى تۇغقان، يېقىنلارغا ئەۋەتىشكىمۇ، ئائىلىدە يـېيىشكىمۇ،
ئىش ئورنىدا يېيىشكىمۇ ماس كېلىدۇ. يـەككە يـېيىشكىمۇ،
گۆش ـ كـاۋاپ، شورپا، قـورۇما، مـۇراببا، سۈت ـ قـېتىق،
سوغۇق سـەي، مـېۋە ـ چـېۋە قـاتارلىق خـالىغان يـېمەك-
ئىچمەك بىلەن بىللە يېيىشكىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

## زاغرا نان

خۇرۇچى: قوناق ئۇنى، تۇز، سۇ، پىياز.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: قوناق ئۇنى ئـاۋۋال ئـەلگەك
بىلەن سۈپرا ئۈستىگە تاسقىلىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكەن پـاكىز
ئۇن داسقا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنغا تـۇز ئـېرىتمى-
سى، سۇ قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. قوناق ئـۇنى خـېمى-
رىنى يۇغۇرۇش خېلىلا ئـاسان بـولۇپ، بـىردەمدىلا يـۇغۇ-
رۇپ بولغىلى بولىدۇ. قـوناق ئـۇنى خـېمىرى خـېمىرتۇرۇچ
سېلىنىپ ئۆرلىتىلمەيدۇ. زاغرا نانىنى ئـائىلىدە كـان ئـوچاققا
يېقىشقىمۇ، چوڭ تونۇردا يېقىشقىمۇ بولىدۇ. كۆپرەك يېقىشقا
توغرا كەلگەندە چوڭ تونۇردا يېقىلىدۇ. چوڭ تـونۇردا يـې-
قىشتا ئاۋۋال تونۇر ئوت قالاپ ئـاقارتىلىدۇ. تـونۇر يـۈزى
تەكشى ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن دۇدخانا ئـاغزى ئـېتىلىپ،
تـونۇر ئـىچىدىكى ئـوت ئـوتتۇرىغا يـىغىۋېتىلىدۇ. ئـاندىن
تونۇر يـۈزىگە تـۇز ئـۇرۇلۇپ تـونۇر هـاۋاسى تـەڭشىلىدۇ.
زاغرا ناننى يـاساشتا ئـاۋۋال خـېمىردىن زۇۋۇلا ئـۈزۈلىدۇ.
زۇۋۇلا ئـىككى ئـالقان ئـارىسىدا ئـايلاندۇرۇپ چىڭداش
ئارقىلىق يۇملاقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن زۇۋۇلىنىڭ گىر-
ۋىكى پەشخۇن يۈزىگە بوش تەگكۈزۈلۈپ ئـىككى ئـالقان
بىلەن ئىككى ياندىن پـوكۇلدىتىپ چىڭداپ ئـايلاندۇرۇش
ئارقىلىق زۇۋۇلا يۇملاق نـان شـەكلىگە كـەلتۈرۈلىدۇ. بـۇ
هەرىكەتلەر «نـان يـاساش» دەپ ئـاتىلىدۇ. شـۇ يـوسۇندا
نـان يـاسىلىپ بـولۇنغاندىن كـېيىن خـالىغان بـىر يـۈزىگە
ئۇششاق چانالغان پىياز سۈرتۈلۈپ بـولۇپ پـىياز سـۈرتۈل-
گەن يۈزى يەڭ ئۈستىگە دۈم قىلىپ ئېلىنىدۇ. بەزى هاللار-
دا زاغرا نان پىياز سۈرتۈلمەيمۇ يېقىلىدۇ. پىياز سـۈرتۈلمەي
ياسالغان نان يۈزى يەڭ ئۈستىگە قانداق ئېلىنسا بولۇۋېرى-
دۇ. يەڭ دېگىنىمىز ــ قېلىن تـوقۇلما رەخت بـىلەن تـىكىل-
گەن، نان ياققاندا قولغا سېپىۋالىدىغان پـەلەيسىمان گـەزنە

بولۇپ، مـەخسۇس زاغرا نـان يـېقىشقا ئـىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ
بىلەن نان ياققاندا قولمۇ كۆيمەيدۇ هەم نان يۈزىمۇ بارماق
ئىزى چۈشۈپ قالماي تـۈز، تـەكشى، چىرايلىق يـېقىلىدۇ.
نان ياسىلىپ يەڭ ئۈستىگە ئېلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن نان
ياققۇچى يەنە بىر قولىنىڭ بارماقلىرىنى تـۈزغا چۆكۈرۈپ
تـونۇرغا يـېقىلىدىغان نـان يـۈزىنىڭ بـىر نـەچچە يـېرىنى
چىمدىپ مۇدۇرچاق قىلىپ قويىدۇ، ئـاندىن نـان تـونۇرغا
يېقىلىدۇ. تـۈزغا چۆكۈرگەن بـارماق بـىلەن نـان يـۈزىنى
چىمدىپ مـۇدۇرچاق قـىلىپ قـويۇشتا نـان تـونۇرغا چىڭ
چـاپلاشماي سـويۇلۇپ كـېتىشنىڭ ئـالدىنى ئـېلىش، نـاننى
چىڭ چاپلاشتۇرۇپ پىشۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ، زاغرا نان
تەسرەك پىشىدۇ. شۇڭا تـونۇردا ئـۇزاقراق قـويۇپ قـۇرۇ-
تۇپ پىشۇرۇپ ئېلىنىدۇ.

زاغرا نـاننىڭ ئـالاهىدىلىكى: زاغرا نـان قـاراقاشتا،
ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان، ئۇيغۇرلار بۇرۇن-
دىن ئـىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان تارىخى ئۇزاق نـانلارنىڭ
بـىرى. زاغرا نـان مـايسىز بـولۇپ كـۆكلۈلگە تـەگمەيدۇ.
چۈرۈك، مەززىلىك بولۇپ، چايغا چۆكۈرۈپ يـېيىشكىمۇ،
شىرنە ـ شەربەت، سۈت ـ قېتىق، شورپىغا چىلاپ يـېيىشكى-
مۇ، قورۇما، مۇراببا، سوغۇق سەي، مېۋە ـ چېۋە، سۇ بىلەن
يېيىشكىمۇ بولىدۇ. سۇيۇقسەلەڭ ئاشقا چىلاپ يـېيىشكىمۇ
بولۇۋېرىدۇ. تونۇردىن يېڭى ئېلىنغان ئـىسسىق زاغرىنىڭ
تەمى تېخىمۇ مەززىلىك بولۇپ، هەرقانداق ئادەمنىڭ ياق-
تۇرۇپ يېگۈسى كېلىدۇ. بولۇپمۇ زاغرا نان قوغۇن قىرمى-
سى، شىرنە ـ شەربەت، سۈت ـ قېتىق، شورپىغا چىلاپ يې-
يىشكە تولىمۇ ماس كېلىدۇ هـەم بۇنداق يـېگەندە تـولىمۇ
تەملىك تېتىيدۇ. زاغرا نان بىلەن شۇ يوسۇندا مېهمان ئۇ-
زىتىشقىمۇ بـولىدۇ. زاغرا نـاننى ئـۆيدە يـېقىپ يـېگەندىن
سىرت بازاردا سېتىشقىمۇ، سەپەرگە چىققاندا ئـېلىۋېلىشقىمۇ
بولىدۇ. زاغرا نان قـاراقاش تـېبابىتىدە قـان تـەركىبىدىكى
ماينى ئـازايتىش، يۈرەكنى مـاي قـاپلاپ كـېتىشنىڭ،
سـەمرىپ كـېتىشنىڭ، قـان ـ تـومۇرلىرىدا نوكچا پـەيدا
بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قـاننى راۋانـلاشتۇرۇش
خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دەپ قـارىلىدۇ. نۆۋەتتە زاغرا نـاننى
يېزا ئاهالىلىرىدىن سىرت هۆكۈمەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلى-
رى، شەهەر ئاهالىلىرى دورا هەم كۆكلۈل خۇشى ئـورنىدا
كـۆپرەك ئـىستېمال قـىلىدىغان ۋەزىيـەت شـەكىللىنىپ بـۇ
ناننىڭ سودىسى خېلى ياخشى بولماقتا.

## ئارپا نېنى

خۇرۇچى: خېمىرتۇرۇچ، تۇز، سۇ، پىياز.

تەييارلىنىش ئۇسۇلى: ئارپا ئۇنى ئاۋۋال ئەلگەك بىلەن سۈپۈرا ئۈستىگە تاسقىلىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكەن پاكىز ئۇن داسقا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنغا خېمىر-تۇرۇچ سېلىنىپ، تۇز ئېرىتمىسى، سۇ قۇيۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر يۇغۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۆرلىتىش ئۈچۈن ئىككى-ئۈچ سائەت ئەتراپىدا پاكىز داستىخان ياكى رەخت، سولياۋ يوپۇق بىلەن يۆگەپ قويۇلىدۇ. ئارپا نېنىنى ئائىلىدە كان ئوچاقتا، چوڭ تونۇرغا يېقىشقىمۇ بولىدۇ. كۆپرەك يېقىشقا توغرا كەلگەندە چوڭ تونۇرغا يېقىلىدۇ. چوڭ تونۇرغا يېقىشتا ئاۋۋال تونۇر ئوت قالاپ ئاقارتىلىدۇ. تونۇر يۈزى تەكشى ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن دۇدخانا ئاغزى ئېتىلىپ، تونۇر ئىچىدىكى ئوت ئوتتۇرىغا يىغىۋېتىلىدۇ. ئاندىن تونۇر يۈزىگە قول بىلەن بىر قۇر تۇز ئېرىتمىسى ئۇرۇلۇپ تونۇر ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. ئارپا نېنىنى ياساشتا خېمىر پەشخۇنغا ئېلىنىپ سېلىندىر شەكلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن زۇۋۇلا ئۈزۈلىدۇ، زۇۋۇلا بىرقۇر تاۋلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئىككى زۇۋۇلا بىر-بىرىگە جۈپلىنىپ ئۈستىدىن قول بىلەن بېسىپ بىر ئاز كېڭەيتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن زۇۋۇلا بىر-بىرىدىن ئاجرىتىلىپ ئايرىم كېڭەيتىلىپ ناننىڭ يۈزى ئېچىلىدۇ. نان ياسىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن يۈزىگە ئۇششاق چانالغان پىياز سۈرتۈلۈپ، پىياز سۈرتۈلگەن ئۇلۇك يۈزى گەزنە ئۈستىگە دۈم قىلىپ ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ناننىڭ سول يۈزىگە ئازراق تۇز ئېرىتمىسى سۈرتۈۋېتىلىپ تونۇرغا يېقىلىدۇ. ئارپا نېنى قىزىرىپ پىشقاندىن كېيىن لاخشىگىر بىلەن تونۇردىن سويۇپ ئېلىنىدۇ.

ئارپا نېنىنىڭ ئالاھىدىلىكى: تەمى مەززىلىك، يېيىشلىك، بولۇپمۇ تونۇردىن يېڭى ئېلىنغان ئىسسىق ئارپا نېنىنىڭ تەمى تېخىمۇ مەززىلىك بولۇپ ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياقتۇرۇپ يېگۈسى كېلىدۇ. خۇسۇسىيىتى يەڭگىل، قۇۋۋەتلىك بولۇپ، پۈتۈن بەدەننى، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەلنى ھەيدەيدۇ. شۇڭا قاراقاشتا ئارپا نېنى توغرىسىدا «ئۇسسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە»، «ئارپا نېنى يەڭگىلىك، ئۇسارتىدۇ ئەللىك» دەيدىغان تەمسىل، قوشاق بار. بۇ ماھىيەتتە ئارپا نېنىنىڭ قۇۋۋەتلىكلىكىگە قارىتىلغان قوشاق بولۇپ، بۇ نان ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان، ئۇزۇنلۇق يېتىشمىگەن، جىسمانىي كۈچى يېتىشمەي ھالسىراپ قالغان، كەم ماغدۇر كىشىلەرنىڭ يېيىشىگە تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. ئارپا نېنىنى يەككە يېيىشكىمۇ، باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن قوشۇپ يېيىشكىمۇ، قەدىمىيلىككە، مىللىي، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە نان سۈپىتىدە مېھمان ئۈزىتىشقىمۇ، يەپ باقمىغان، كۆرۈپ باقمىغان يېقىنلارغا ئەۋەتىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئارپا نېنى ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بېرى ئىستېمال قىلىپ كەلگەن، بولۇپمۇ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 60-، 70-يىللىرى ئاساسلىق ئىستېمال قىلىنغان نانلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىراق بۇ نان دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىستېمالدىن قالدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ناندىن كۆرۈشكە بولمايدۇ. بۇنىڭ بىرىنچى سەۋەبى ئارپا مەھسۇلاتى بىر قەدەر تۆۋەن زىرائەت بولۇپ، كىشىلەر ئىقتىسادىي ئۈنۈم قوغلىشىپ بۇ زىرائەتنى تېرىمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ جەمئىيەتتە ئارپا نېنى يېگۈسى بار كىشىلەر يەنە ئاز ئەمەس، ھېلىمۇ كىشىلەر بۇ نانىنى ئىزدەپ-سوراپ، ئەتىۋارلاپ يېيىشمەكتە. دېمەك، ئارپا نېنىنى ھېلىھەم ئەمەلىي ئىستېمال قىممىتىگە ۋە خېلى زور بازار بوشلۇقىغا ئىگە بىر نان دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

يۇقىرىدا قاراقاش نانلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە 15 تۈرلۈك ناننىڭ خۇرۇچى، خۇسۇسىيىتى، تەييارلىنىش ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇلدى. ھازىر ئەمەلىي ئىستېمال قىلىنىۋاتقان قاراقاش نانلىرى جەمئىي 40 تۈرگە يېقىنلىشىدىغان بولۇپ، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان نانلار ئائىلىدىن بازارغا يۈزلىنىپ بولغان نانلار. شۇنداقلا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يۇقىرى ئىستېماللىق ئاساسلىق نانلار ھېسابلىنىدۇ. باشقا نانلار ئائىلىدە ئىستېمال قىلىنىۋاتقان نانلار بولۇپ، بۇ نانلارمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا قاراقاش نانلىرى خام ئەشياسى تەبىئىيلىككە، تەييارلىنىشى پاكىزلىققا، تۈر جەھەتتىن كۆپ خىللىققا، شەكىل جەھەتتە ئۆزگىچىلىككە، دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشتەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يىلسېرى يۇقىرى ئىستېمال قىممىتىگە ۋە تاۋار قىممىتىگە ئايلىنىپ خەلق تۇرمۇشىدا زور رول ئويناپ كەلمەكتە. قاراقاش نانلىرى يەنىمۇ ئىستېمال ئېھتىياجى ۋە زور بازار بوشلۇقىغا ئىگە بولۇپ، قېزىش، ۋارىسلىق قىلىش، قوللاش، كەسىپلەشتۈرۈش، كۆلەملەشتۈرۈش، زورايتىش سالمىقى كۈچەيتىلسە ئۇ ھالدا قاراقاش نانلىرى بىلەن بىللە خەلقىمىزنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ شېرىنلىككە، تېخىمۇ گۈزەللىككە ئىگە بولغۇسى.

(ئاپتور: قاراقاش ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)




**كىيىم-كېچەك ۋە باشقا ھۈنەر كەسپلەرنىڭ بايانى**

ئىلاۋە: ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى سانىدا قەشقەر تېكىستلىرىنىڭ «دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە بېلىقچىلىقنىڭ بايانى»① قىسمىنى ئېلان قىلغانىدۇق. بۇ ساندا شۇ تېكىستلەرنىڭ داۋامى بولغان «كىيىم-كېچەك ۋە باشقا ھۈنەر كەسپلەرنىڭ بايانى»نى بەردۇق. بۇ تېكىستلەرمۇ ئالدىنقى تېكىستلەرگە ئوخشاشلا داڭلىق تۈركولوگ گۇننار ياررىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن 1992-يىلى «كىيىم-كېچەكلەرنىڭ تەپسىلاتى — كىيىم-كېچەك ۋە باشقا ھۈنەر كەسپلەرگە دائىر شەرقىي تۈركچە تېكىستلەرنىڭ ئوقۇلۇشى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى» ② دېگەن نامدا شىۋېتسىيەدە ئېلان قىلىنغان. بۇ جەمئىي 11 پارچە تېكىست بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەش پارچە تېكىستنى قەشقەرلىك مۇھەممەد ئەلى داموللا③، يەنە بەش پارچە تېكىستنى ئابدۇۋاھىد ئاخۇند ④، بىر پارچە تېكىستنى يەركەنلىك ئابدۇلقادىر ئاخۇن ⑤ قاتارلىقلار خوتەن قەغىزىگە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يازغان. بۇ تېكىستلەر «گۇننار ياررىڭ توپلانمىلىرى»دا 207-نومۇردا ساقلانغان بولۇپ، خەتنىڭ بەت يۈزىدىكى دائىرىسى 22.5×36 سانتىمېتىر. تۈركولوگ گۇننار ياررىڭنىڭ مۇشۇ تېكىستلەر ھەققىدىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا بۇ تېكىستلەر 1905-يىلىدىن 1910-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان بولۇپ، بۇ تېكىستلەرنى گۇننار ياررىڭنىڭ ئۇستازى شىۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى گۇستاف رەكۋىت ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركچىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىشلەتكەن⑥.

بۇ تېكىستلەردە كىيىم-كېچەك ۋە باشقا ھۈنەر كەسپلەرگە دائىر خېلى ئەتراپلىق مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى قەشقەر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، مىللىي تېخنىكا ۋە ئۆرپ-ئادەتنى يورۇتۇپ بېرىشتە ناھايىتى مۇھىم فولكلورلۇق قىممەتكە ئىگە. بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەينى دەۋرنىڭ تىل فولكلور ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا ئەسلىي فونېتىكىلىق قائىدە بويىچە ئوقۇلغۇلاپ، ئەسلىي تېكىستلەردە خاتا يېزىلغان سۆزلەرگە ئىزاھ بېرىلدى ھەمدە بىر قىسىم شىۋە سۆزلۈكلىرى، فونېتىكىلىق پەرقلەرگە ئىگە سۆزلەرگە، كەسپىي سۆزلەرگە ۋە تارىخىي ئاتالغۇلارغا مۇۋاپىق ئىزاھ

بىر بىلدى — نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن.

## كىيىملەرنىڭ بەيانى

# مەتىنلەر

### كیم‌ورنینک بیانی

ایر مظلوم نینک کیادورغان رسمی کیم‌لاری اغنیالار اوروس کزمال‌لاریدین و یا هندوستان کزمال‌لاریدین کونکلاک... اوچون خاصه سخت دیب آق کیم‌نینک بار اولاردین کونکلاک تمبال قیلیب کیادورلار کونکلاک اکثرلاری قیسقه قیلیب تار قیلیب بلکه مشتری غریب قیلدورتوب کیادور تمبال‌نی هم ستنه جیغ بریب قیلدورتوب کیادور یازکون بولسه یک تک دیب قیسقه راق برچاپان و یا کنزور قیلدوروب کونکلاک اوستیدین کیب اوستیدین غرغانستاندین کلتوروالغان بر نفیس رومال یا قزیل یا شیل یا سریق یا قرا و یا الا رومال بیلان بیلیکا کیکان بیک تک و یا کنزور اوستیدین بیلی‌نی باغلاب اینیک اوستیدین یخته ستر برتون یا بقصب و یا ماهوت و یا باجین مشوطدین بولغان کیم لیکلارین کیادور بر کیم‌لارکا هر بیریکا بر دانه توکمه بردانه ایزمه بار لیکن کنزور چپان نینک بشدین ایزمه توکم‌لاری کنتر غه بیکی اوستورمه یاش بلالار کیادور سقال‌لیق ادم قال‌لاریک تیک کیادور کنزور غه دیک تک کا یانجوق قیلادور اما هم نینک اوستیکا کیادورغان تون چپانغه یانجوق قیلمایدور معتبر ادم‌لار هندوستان داکه سیدین باشنغه صلّه یورکایدور نوچه باشلار توماقیدین سوسی توللکی قامه لیق توماق الیب کیارلار و قراکوریه توماق لار نچه باشنده کیارلار و پوت لاریغه امرکان مسی کفش یورا ما کفشی سی و هندوستان فرنکی نینک کفشی سی کی بعضیلار کلاچ کفش لاری کیادور بولار ارنلار نینک کیمیدور اما اغنیا مظلوم لارنینک اول التون زره التون تاج اطلس کونکلاک طوار و دوخابه مشوط چکمن ده کونکلاک تمبال زرزسه ده کونکلاک کیسه شو نینکدا هم تمبال کونکلاک تولا اوزون قیلیب پرده سودرالیب یورکادیک کیادور بلکه کاشغر چاپانلیق

قیلیب برلاسه هم نینک اوستیکا هندوستان اغ بانو سیدین بهنی آق اغ بانو دین آق فرنکی دیب اوزون یانکلاری تار اوزون قیلیب هم نینک اوستیکا انی کیکا لیکن یانکلارینی سابیمایدور یوزیکا جومبل تارتادور لیکن یارکند خوتن نینک خاتونلاری آق فرنکی ایشلاتمایدور اولار آق فرنکی بدلیده لچک باشیغه سالادور هندوستان داکه سیدین بر بهری چارک الیب باشیغه الیب تاکه تا بانیغچه تیکومیک قیلیب کیادور (بهری بر چارسو باغلیق بدور). یازلیق کیم‌لاریکا بیغنس مشوط لباسلاریدین کیادور قشلیق لباسلاری اوچون جوبه مینی نینک کوربلاردین

جوبه قیلیب تاپشلا طیار قیلیب ایزمه تکمه‌لاریکا اوچ مثقال‌لیق تنکه نی تکمه قیلیب کیادور ایلکاری لباس اوچون رنک توغراسیدا فرق تفاوت بار ایردی حالا بو زمانه ده اوخشاشی بولوب قالدی سیمابه رنک یا که آق زرسه لار ایرکیشیلارکا خاص ایدی قزیل رنک لیک کیم‌لار خاتون کیشیلارکا خاص ایدی حالا تمام اراللاشیب کتی خصوصاً قزارنک لباس‌لار ایرکیشی نینک ایدی ایدی تفاوتی یوق. مظلوم کیشیلار التون زره التون تاج نینک تاشیدا بیلاک‌لاریکا التون بیلازوک کموشی بیلازوک بارماقلاریغه التون یاغلیق یاقوت یوزوک فیروزه لعل زبرجد زمرد یوزوک‌لار سالادور. مروارید التون زره نینک جیغه سیکا تیزادور. ولیکن مظلوم دین بر کیم و یا بر زیور توغراسیدا رسمی الشکیم رسمی اتی تاپماغونچه تیغماس ایکانلار کیم‌لار نینک استریکا لارچه قیلادورغان زرسه استریکا کوک خامه نینک بر زرسه سلان قیلادور یاقه‌سی‌نی تار قیلادور ایرانلار یاقاسی‌نی کینک تمبال‌نی ایرانلار بعضی شیم طریقه سیدا تار قیلیب قور برکاتیب کیادور مظلوم ایلکاری رسمیده کنک قیلیب کیادور لیکن بخته لیق تمبال کیسه مظلوم تار قیلیب قور برکاتیب کیادور

ایلکاری مظلوم باغلطو دیب بر قسمی کیم‌لاری بار ایدی انی تمام تیکنه بیلان و یا الیمه دوزلوق بیلان مشوط بیب بیلان کل تیکیب طیار قیلیب کیار ایردیلار بلکه اجینده طیار قیلغان باغلطو کونکلاک نهایت اوبدان کورار ایردی اوتاک کیسه لار هم کلابتون بیلان یوزیکا کل کلتوروب تیکتوروب کیارلار ایردی کفش کیسه لار هم کلابتون کل لوق قیلیب کیار ایردی توماق یاتلیک کیسه لاریتون قچت قامه نی پتون ارشلاتیب برکینه صوریته قیلدورادور اغریم بولور ایردی انی کیار ایردی دوبه و یا بوک هم کینه صوریته طوار دین و یا تولا ابدین قیلدوروب کیار ایردی ایرانلار دوبه‌سی هم کینه صوریته کوک طوار یا کوک خامه دین ایردی تونلاری بیکلار توینه یک بشلیک ایردی مظلوم‌لار برقسمی کونکلاک کا برکانا دورغان یونک ارموت صوریته چونک تکمه لاری بار ایردی اوستیکا التون ایشلانکان اوستاغی فیروزه لار کوک تونیغان یاقوت لعل بیلان کوز تونیغان بشی دانه بولور ایردی اوزی کینک یانکلاری هم کینک کونکلاک لار قتار بشی دانه توکمه‌نی بر کتار ایردی بو توکمه‌لار مخصوص جوانلار غه کا انلار کا ایجاسی کونکلاک‌نی تاقور فی بچه اوچوش ایکی طرفیکا ایزمه قیلور ایردی ایزمه‌لاری کیک قزیل مشوط بیب ده قیلدورور ایردی جوانلار تولاقلاریغه مروارید مونچاق سالور ایردی مروارید مونچاق توزت شده لیک بر غنچه اوزونلوق ایکی تولاقیغه سکز شده مروارید مونچاق شونداغ بیلاک لاریکا بیلازوک و قول لاریغه لعل یاقوت فیروزه قیمت بها تاشلار یوزوک سالور ایردی حالا بو زمانه ده باشیغه قیقر دیب سمرقند دوپه سی طوا انکا التون قداق برکاتور و یا بولماسه ترار فیتر کا تیکلکان مشوط بیب تیکیلکان

ەوەپەلار وپ كىباردر ولېكن سنا بو جوان سنا بو چوكان دېيدورغان برنشانە نماكلا
چونكە بر قسمى كونكلاك پېيدا قيلدى عربچە كونكلاك دېب يانكلارى تار ياغا
ساليب بر غريچ مقدارى كونجك قويوب اوچ صدف تزكەر بركا تيب بلا
ايچماق لازم كلسە بقنيدين بر توشوك قويوب بلا ايچا تيب جوان بىلە جان
چولماق دېسە چولمان بولوب يوروب بريب دور وليكن ناكهان بعضى بايلار
اراسيدا قديم وقت غە موافق بركشىنى جوان قيلماق لازم كلسە براق بيكىتكىن تونغى
اقرا يالارنى بيغيب برطويدېك مغرب قيليب قوى اولتوسدب كيم ليكلا
ترج قيليب جوان قيليب قويادور معنى جوانچە كونكلاك كيدوروب قويادور
جوانچە كونكلاك ديكان ملى بوزمانەدا ايراقى دېب اوچ ايليكچە توقولغان.
بر كورمنليك دور جوانچە الدى اوچوق كونكلاك بركا تادور

وينە مظلوم كشيلار اراسيدا بر قسمى رسم بار جوانلار اراسيدا باشيغە ساچ ياساب
سالادور اوزىسا چقاريدين باشتەرن توشكان ساچ نە سا قلاب قويوب ساچ
ياساب اوچ ساچ دېيادور. اما قيليب سالادور هر ساچ كە قرا بولسە الحاليمناتور
بلكە قويا زوريرو قيدا هم ساچ ياسايدور زينت اوچون ياز بولسە تاشيغا وسما
قويادور باشنە وقتدا چراغ البسى وا قاشليق ايتا دور يوزيكا اوپا مانكز بيكا
انكليك سورتادور سالغانيبش ساچ قطار جاتقالى جاتيق دېب بيب ...
مرجان بركا تيب كموش لاردە اچى كواك سيپاق لارنى قويوب مرجانلار بىلە ترتيب
ساچ چيتيق قيلادور هم دين عجايب شوكر باشيغە سالادور بش ساچ بىلاك دين
يونغان دور بش ساچنى سالىب چيتيقنى بركا نكاندين كين اول جوانلار ساچنى
كونكلاكى كنيكا قاتاريب قالادور اول جوانلارنىڭ ايلكارى بر قسمى تمبالى بار ايردى.
انكا تمبال يارچە دېب اوشو قيدين تزنيو مشوط هر رنگ ييب تيكلكان تمبال يارچە لارى
بار ايردى وهم قول يوت لار يوغنا يا تار ايردى بر قسمىنى اق تزكى باشيغە ارتار دقنە
كيادور دوپىسى بار ايردى صابون صورتيدا اوزون بر زرسە باشيغە قويوب انيكلاى ستيدين
اق تزكى ارتار ايردى حلى انداق زرسە لار قالانادېلار حلى اق تزكى نى توماق اوستيدين با
دەپ اوستيدين كيادورلار

ئەر مەزلۇمنىڭ كىيىدىغان رەسمىي كىيىملەرى: ئاغىنىيالار⑦ ئورۇس گەزماللاردىن ۋە ھىندۇستان گەزماللاردىن كۆڭلەك ئۈچۈن خاسە سەفەت ⑧ دەپ ئاق كىيىملىك بار. ئۇلاردىن كۆڭلەك تامبال ⑨ قىلىپ كىيەدۇرلار. كۆڭلەك ئەكسەرلەرى ⑩ قىسقا قىلىپ، تار قىلىپ بەلگى ماشىنەچىغا ⑪ بىرىپ قىلدۇرتۇپ كىيەدۇر. ياز كۆن بولسا يەكتەك دەپ قىسقاراق بىر چاپان ۋە يا كەنزۇر⑫ قىلدۇرۇپ كۆڭلەك ئۈستىدىن كىيىپ فەرغانىستاندىن ⑬ كەلتۈرۈلگەن بىرىنسوف ⑭ رومال يا قىزىل يا ياشىل ⑮ يا سىرىق يا قارا ۋە يا ئاق رومال بىلەن ئىچىگە كەيگەن يەكتەك يا كەنزۇر ئۈستىدىن بەلنى باغلاپ، ئانىڭ ئۈستىدىن پاختىسىز بىر تون يابەقەسەپ ⑯ ۋە يا ماھۇت⑰ ۋەيا باجىن مەشۇتدىن⑱ بولغان كىيىملىكدىن كىيەدۇر. بىر كىيىملەرگە ھەر بىرىگە بىر دانە تۈگمە، بىر دانە ئىزمە بار.

لېكىن كەنزۇر چاپانىنىڭ بېشىدىن ئىزمەم تۈگمەلەرى كەنزۇرنى يېڭى ئۈستۇرمە بالالار⑲ كىيەدۇر. ساقاقللىق ئاقساقاللار يەكتەك كىيەدۇر. كەنزۇرغا ۋە يەكتەككە يانچۇق قىلادۇر. ئەمما ھەممەنىڭ ئۈستىگە كىيەدۇرغان تون چاپانغا يانچۇق قىلمايدۇر. مۆئتەبەر ئادەملەر⑳ ھىندۇستان داكەسىدىن ㉑ باشىغا سەللە يۆرگەيدۇر. نوچە ياشلار تۇماقچىدىن سۆسەي، تۇلكى، قامالىق تۇماق ئالىپ كىيەرلەر ۋە قارا كۆرپە تۇماقلارغىچە باشىغا كىيەرلەر ۋە پۇتلارىغا ئامىركان مەسى كەفش㉒، پۇراما كەفش مەسى㉓ ۋە ھىندۇستان قىرىمىنىڭ كەفش مەسسى㉔، بەئزىلەر كەلاچ كەفشلەرنى㉕ كىيەدۇر. بۇلار ئەرەنلەرنىڭ كىيىمىدۇر.

ئەمدى ئاغىنىيا مەزلۇملارىنىڭ㉖. ئەۋۋەل ئالتۇن زىرە، ئالتۇن تاج، ئەتلەس كۆڭلەك، تەۋار ۋە دۇخابە، مەھشۇت، چەكمەن، زە كۆڭلەك، تامبال. ھەر نەرسەدە كۆڭلەك كىيىسە شۇنىڭدا ھەم تامبال كۆڭلەكنى تولا ئۇزۇن قىلىپ يەردە سۆدرەلىپ㉗ يۈرگۈدەك كىيەدۇر. بەلگى ماشىناچى قاساقلىق㉘ قىلىپ بىرەدۇر ۋە ھەممەنىڭ ئۈستىگە ھىندۇستان ئاغابانۇسىدىن㉙ يەئنى ئاق ئاغابانۇدىن ئاق پەرىجى دەپ ئۇزۇن ياڭلارى تار ئۇزۇن قىلىپ ھەممەنىڭ ئۈستىگە ئانى كىيەدۇر. لېكىن ياڭلارنى ساپمايدۇر. يۈزىگە چۈمبەل تارتادۇر. لېكىن ياركەند خوتەننىڭ خاتۇنلارى ئاق پەرىجى ئىشلەتمەيدۇر. ئۇلار ئاق پەرىجى بەدەلىدە ㉚ لىچەك باشىغا سالادۇر. ھىندۇستان داكاسىدىن بىر بەھرى چارەك ㉛ ئالىپ، باشىغا سالىپ تاكى تاپانىغەچە يەتكۇدەك قىلىپ كىيەدۇر. (بەھرى بىر چاھارسۇ ياغلىقدۇر) يازلىق كىيىملەرگە نەفىس مەھشۇت لىباسلاردىن كىيەدۇر. قىشلىق لىباسلارى ئۈچۈن جوبە ㉜ يەئنى يىنىك كۆرپەلەردىن جوبە قىلىپ تاشلاپ تەييار

قىلىپ، ئىزما تۇگمەلەرىگە ئۈچ مىسقاللىق تەنگەنى تۇگمە قىلىپ كىيەدۇر. ئىلگەرى لىباس ئۈچۈن رەڭ توغراسىدىن فەرق تەفاۋۇت (33) بار ئىردى. ھەلى بۇ زاماندا ئوخشاش بولۇپ قالدى. سىمابە رەڭ (34) ياكى ئاق نەرسەلەر ئەر كىشىلەرگە خاس ئىدى. قىزىل رەڭلىك كىيىملەر خاتۇن كىشىلەرگە خاس ئىدى. ھەلى تامام ئارالاشىپ كەتتى. خۇسۇسەن قارا رەڭ لىباسلار ئەر كىشىنىڭ ئىدى. ئەمدى تەفەۋۇتى يوق (35) مەزلۇم كىشىلەر ئاكتۇن زىرە، ئالتۇن تاجىنىڭ تاشىدا بىلەكلىرىگە ئالتۇن بىلەزۈك، كۈمۈش بىلەزۈك، بارماقلارىغا ئالتۇن باغلىق ياقۇت يۈزۈك (36)، فىرۇزە (37)، لەئل(38)، زەبەرجەد (39)، زۇمۇررەد (40)، يۈزۈكلەر سالادۇر. مەرۋارىدنى (41) ئالتۇن ئالتۇن زىرەنىڭ چۈرەسىگە تىزادۇر. ۋە لېكىن مەزلۇمدىن بىر كىم ۋە يا بىر زىۋەر توغراسىدا بىر قىسمى ئىش چىقارسا ھەممەسى ئانى دوراپ تا ئانى تاپماغۇنچە تىنماس ئىكەنلەر. كىيىملەرنىڭ ئەستەرىگە ۋە ياقالارىغا ۋە پەشلەرىگە قىلادۇرغان نەرسە ئەستەرىگە كۆك خاسەنىڭ بىر نەرسە بىلەن قىلادۇر. ياقاسىنى تار قىلادۇر. ئەرەنلەر ياقاسىنى كەڭ تامبالنى ئەرەنلەر بەئزى شىم تەرىقەسىدە تار قىلىپ، قۇر بېركەتىپ كىيەدۇر. مەزلۇملار ئىلگەرى رەسمىدە (42) كەڭ قىلىپ كىيەدۇر. لېكىن پاختالىق تامبال كەيسە مەزلۇملار تار قىلىپ قۇر بېركەتىپ كىيەدۇر. ئىلگەرى مەزلۇم باقتۇ (43) دەپ بىر قىسمى كىيىملەرى بار ئىدى. ئانى تەمام يېڭنە بىلەن ۋە يا ئىلمەدۇزلۇق (44) بىلەن مەھشۇت يىپ بىلەن گۈل تىكىپ تەييار قىلىپ كىيەر ئىردىلەر. بەلكى باجىندە تەييار قىلغان باقتۇ كۆڭلەك (45) دەپ نەھايەت ئوبدان كۆرەر ئىردى. ئۆتەك كەيسەلەر ھەم كالابۇتۇن (46) بىلەن يۇزىگە گۈل كەلتۇرۇپ تىكتۇرۇپ كىيەر ئىردى. كەفش كەيسەلەر ھەم كالابۇتۇن گۈللۈق قىلىپ كىيەر ئىردى. تۇماق يا تەلفەك كەيسەلەر پۇتۇن كەمچەك قامانى پۇتۇن ئىشلەتىپ بىر گۈنبەز(47) سۇرەتىدە قىلدۇرۇپ ئاغىر ھەم بولۇر ئىردى، ئانى كىيەر ئىردى. دوپپا ۋە يا بۆك ھەم گۈنبەز سۇرەتىدە تەۋاردىن ۋە يا كىمخابدىن قىلدۇرتۇپ كىيەر ئىردى. ئەرەنلەر دوپپاسى ھەم گۈنبەز سۇرەتىدە كۆك تەۋار يا كۆك خاسەدىن ئىردى. تونلارى بەگلەر تونىدەك پەشلىك ئىردى. مەزلۇملار بىر قىسمى كۆڭلەككە بېركەتەدۇرغان چولڭ ئارمۇت سۇرەتىدە چولڭ تۇگمەلەرى بار ئىردى. ئۈستىگە ئالتۇن ئىشلەتكەن ئۇشاق فىروزالاردا كۆز قويغان، ياقۇت لەئلى بىلەن كۆز قويغان بەش دانە-بولۇر ئىردى. ئۆزى كەڭ ياڭلارى ھەم كەڭ. كۆڭلەكلەر قاتار بەش دانە تۈگمەنى بېركىتەر ئىردى. بۇ تۈگمەلەر مەخسۇس جۇۋانلارغا، چوكانلارغا ئەمەس. كۆڭلەك تا قورساقىغىچە ئوچۇق ئىككى تەرەفىگە ئىزمە قىلۇر ئىردى. ئىزمالارى كەڭ قىزىل مەھشۇت يىپتا قىلدۇرۇر ئىردى. جۇۋانلار قۇلاقلارىغا مەرۋارىد مۇنچاق تۆرت شىددەللىك(48)، بىر غىرىچ ئۇزۇنلۇقى ئىككى قۇلاقىغا سەككىز شىددە مەرۋارىد مۇنچاق، شۇنداق بىلەكلەرىگە بىلەزۈك ۋە قوللارىغا لەئل ياقۇت، فىرۇزا، قىممەت باھا تاشلار تۈزۈك سالۇر ئىردى ھەلى بۇ زاماندا، باشقا فەسر دوپپا (49) دەپ سەمەرقەند دوپپاسى تاۋا تەخسىسەدەك، ئاڭا ئالتۇن قاداق بېركەتۇر ۋە يا بولماسا قارا رەفىزگە (50) تىكىلگەن مەھشۇتلۇق يىپ تىكىلگەن دوپپالاردىن كىيەدۇر. ۋە لېكىن مانا بۇ جۇۋان مانا بۇ چوكان دەيدۇرغان بىر نىشانە قالمادى. چولڭ بىر قىسمى كۆڭلەك پەيدا قىلدى ئەرەبچە كۆڭلەك دەپ، ياڭلارى تار، ياقا سالىپ بىر غىرىچ مىقدارى كۆنچەك قويۇپ، ئۈچ سەدەف(51) تۈگمە بېركەتىپ بالاسىنى ئىمتاماق لازىم كەلسە بىقىندىن بىر تۆشۈك قويۇپ بالا ئەمەتىپ جۇۋان دىسە جۇۋان چوكان دىسە چوكان بولۇپ يۈرۈپ بېرىپتۇر. ۋە لېكىن ناگەھان(52).

بەئزىبايلار ئاراسىدا قەدىم ۋەقتىغا مۇۋافىق بىر كەشىنى جۇۋان قىلماق لازىم كەلسە، يىراق يېقىن، خۇش ئەقرابالارىنى (53) يىغىپ، بىر تويدەك مەشرەپ قىلىپ، قوي ئۆلتۈرۈپ، كىيىملىكلەر خەرەج قىلىپ، (54) جۇۋان قىلىپ قويادۇر. يەئنى جۇۋانچە كۆڭلەك كەيدۈرۈپ قويادۇر. جۇۋانچە كۆڭلەك دىگەن ھەلى بۇ زەمانەدا ئىراقى (55) دەپ ئۈچ ئىلىكچە (56) توقۇلغان بىر مەسەللىكدۇر. جۇۋانچە ئالدى ئوچۇق كۆڭلەككە بېركەتۇر.

ۋە يەنە مەزلۇم كىشىلەر ئاراسىدا بىر قىسمى رەسىم بار. جۇۋانلار ئاراسىدا باشىغا ساچ ياساپ سالادۇر. ئۆز ساچلارىدىن باشقا باشتىن تۆشكەن ساچنى ساقلاپ قويۇپ ساچ ياساپ، ئۈچ ساچ ۋە يا بەش ساچ قىلىپ سالادۇر. ھەر ساچكى قارا بولسا ئانى ئىلغايدۇر. بەلكى قوتاز قۇيۇرۇقىدا ھەم ساچ ياسايدۇر. زىننەت ئۈچۈن ياز بولسا قاشىغا ئوسما قويادۇر. باشقا ۋەقتىدا چىراغ ئىسىدا قاشلىق

ئېتەدۇر. يۇزىگە ئۇپا ماگزىگە ئەڭلىك سۇرتەدۇر. سالغان بەش ساچ قاتار چاتغالى چاتىق دەپ يىپقا مەرجان بىركەتىپ كۇمۇشلەردە ئىچى كاۋاك ساپاقلارنى قويۇپ، مەرجانلار بىرلە تىزىپ، ساچ چېتىقى قىلادۇر. ھەممەدىن ئەجايىپ شۇكى، باشىغا سالادۇر بەش ساچ بىلەكدىن يوغاندۇر. بەش ساچنى سالىپ چېتىقنى بىركەتكەندىن كېيىن ئول جۇۋانلار ساچنى كۆتەرەلمەي كەينىگە قاتارىپ قالادۇر. ئول جۇۋانلارنىڭ ئىلگەركى بىر قىسمى تامبالى بار ئېردى. ئاگا تامبال پارچە دەپ ئوشۇقدىن تىزىغىچە مەشۇت ھەر رەڭ 57 يىپ تىككەن تامبال پارچەلەرى بار ئېردى ۋە ھەم قول پۇتلارىغا خىنە ياقار ئېردى. بىر قىسمى دوپپا، ئاق فەرىجى 58 باشىغا ئارتار ۋەقتىدا كېيەدۇر دوپپاسى بار ئېردى. سابۇن سۇرەتىدە ئۇزۇن بىر نەرسە باشىغا قويۇپ ئانىڭ ئۇستىدىن ئاق فەرىجى ئارتار ئېردى. ھەلى ئانداغ نەرسەلەر قالمادىلار. ھەلى ئاق فەرىجەنى تۇماق ئۇستىدىن يا دوپپا ئۇستىدىن كىيەدۇرلار.

## ساچباق 59 تويىنىڭ رەسملارى 60

بىر مەزلۇم كىشىنى چۇبان 61 قىلۇرمەن بولسا ئون ئالتە ياشدىن تارتىپ ئوتۇز ياشقا يەتگۈنچەلۇك 62


ساچباق توی نینگ رسملاری
برمظلوم کیشینی چوبان قیلورمن بولسه اون التی
یاشدین تارتیب اوتوز یاشقا یتگونچه لوک چوبان
قیلادورلار اوّل اول قیز نینگ داداسی قیزیغه بعضی
ایگین ایاغ لارینی اوفا انگلیک لارینی الیب بیرادور
اندین کیین اناسی قیزی نینگ باشینی اوراب
قولاق لاریغه زیره مونچاق قول لاریغه اوزوک
یوز لاریگه اوفا انگلیک لار سوراتیب کوز لاری نینگ
مدّستان سوراتیب باشلاریغه چیق ساچلار
و تارتمالار سالیب ایرته سی ساچباق توییغه
طیار قیلادور اول ساچباق توییغه قیز طرفیدین اوغول
طرفیدین نهایتی تولا مهمان قیچقرادورلار
اول قیز هم ایگین ایاغ لارینی کییب نهایتی

چۇبان قىلادۇرلار. ئەۋۋەل ئول قىزنىڭ داداسى قىزىغا بەئزى ئېگىن-ئاياغلارنى، ئۇفا ئەگلىكلەرنى ئالىپ بېرەدۇر. ئاندىن كېيىن، ئاناسى قىزنىڭ باشىنى ئوراپ قۇلاقلارىغا زىرە مۇنچاق، قوللارىغا ئۇزۇك، يۈزلەرىگە ئۇفا ئەگلىكلەر سۇرەتىپ، كۆزلەرىگە مەددەستان 63 سۇرەتىپ، باشلارىغا جىق ساچلار ۋە تارتمالار سالىپ، ئەرتەسى 64 ساچباق تويىغا تەييار قىلادۇر. ئول ساچباق تويىغا قىز تەرەفتىن ئوغۇل تەرەفتىن نەھايىتى تولا مېھمان قىچقىرادۇرلار. ئول قىز ھەم ئېگىن-ئاياغلارنى كېيىپ نەھايىتى ياسانىپ، ئۆزىگە زىب-زىننەتلەر بارىپ مەجەلىسدە ئۇسۇل ئويناياۋدۇر. نەغمە-نەۋالار ھەم قىلادۇرلار. قىز تەرەفدىن كەلگەن مېھمانلار ئەكەلگەن قوي، توقاچ، رومال، تۇخۇم، يەر-يېمىش 65 نەرسە كېرەكلارنى چۇبان بولغان قىزنىڭ ئالدىدا قويادۇرلار. ئوغۇل تەرەفدىن كەلگەن مېھمانلار ئەكەلگەن قوي، كالا، توقاچ، پىشكاشلارنى 66 ئوغۇلنىڭ ئالدىدا قويادۇرلار. قىز تەرەفدىن مېھمانلارغا كاباب 67 بېرەدۇرلار. ئوغۇل تەرەفدىن مېھمانلارغا پولا ئاش بېرەدۇرلار. ئوغۇلنىڭ ئالدەدا قىزنىڭ داداسى تون قويادۇرلار. قىزنىڭ ئالدىدا ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئاناسى فەتنۇسغا 68 سالىپ ئېگىنلىك قويادۇرلار. ئاندىن كېيىن ھەممە كىشىلەر ئوغۇلنى قىزنى مۇبارەك بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن دەيدۇرلار. ئاندىن كېيىن ھەرقايسى ئۆز ئۆيىگە ياناۋدۇرلار.

## سەيفۇگىنىڭ بەيانى


سیفونک نینک بیانی
سیفونک دیکان ایر و خاتون خلقلارکه ایکین بیچیب م تیکیب تمارت
قیلادور بو ایشقه [illegible] سیمکاریلی درلار بو نیچه قسم اسباب لازم
[illegible]
ایکین لارینک اسم لاری اوزون کونکلاک [illegible]
[illegible] کونکلاک تون [illegible]
کونکلاک [illegible] پشتان بولار دورلار .

سەيفۇلڭ (69) دېگەن ئەر ۋە خاتۇن خەلقلەرگە ئېگىن (70) پىچىپ ھەم تىكىپ تىجارەت قىلادۇر. بۇ ئىشقا ئالغان پۇلنى سىمكار پۇلى (71) دەرلەر. بىر نەچچە قىسىم ئەسباب (72) لازىم قىلادۇر. قارچا (73)، يىڭنە، تانا، چىزا (74)، دەزمال، شاخانەك ئويماق. خەرىتنى بويىغا چاغلاپ قارچا بىلەن كېسەدۇر. يەڭلارنى، چۈشق بويلارنى، ياقا غولپەلەرنى (75) چىزىلاپ تانا بىلەن چاغلاپ، چاكالارنى قولىغا شاخانەك ياكى ئويماق سالىپ يىڭنە بىلەن تىكەدۇر ياكى ماشىنا بىلەن تىكىپ ئۆرە قىلىپ ئەستەر كېسىپ پاختا سالىپ راستلايدۇر. ياز بولسا يىللىڭ قىلىپ تەپچۈف (76) تەييارلاپ ئاندىن سۇ سۇ پۈركۈپ دەزمال سالىپ قاتلاپ ئېگەسىغا ياندۇرادۇر.

ئېگىنلارنىڭ ئىسىملارى: ئۈزۈن كۆڭلەك، يالاڭ ئىشتان، پاختالىق ئىشتان، قىسقا كۆڭلەك، تون، خەنتازا كۆڭلەك (77)، نىمچە (78)، جۇيازا (79)، چاچازا (80)، ئەرەبچە كۆڭلەك، كەمزۇر، يەكتەك، جىلتكى، پەشتان (81) بۇلاردۇرلار.

**ئىلمدۇزنىڭ بەيانى**

ايلمى دوزنينك بيانى

ايلمى دوز ديكان هر قسم تاوار دودون ادلس شايه لنبوق خاسه قطارليق خريت‌لاركه هر خيل گل‌لارى تيكيب رومال دوقا چونك گل‌لوق شديشاف كشته‌ليك پاقالچاقيغه گل تيكگان ايشتان تكيه باشليقى ايراقى ياى‌لارينك اوى‌لاريغه ايشلاتادورغان لونكه معرق‌ليك جعنماز باى‌لارينك اوران‌لاريغه معرق‌لاريغه باپادورغان شديشاف‌لاركه تسم تسم گل‌لارى گوديش ديكان ايكماك يغاچيغه خريت‌لارى تارتيب قويوب ايلمى درشى ديكان تيغتور بيستليق درشغه اوتكوزوب تيكيب ساتادورلار. خريت‌لاركه گل باستورغالى باسماچى لازم بولادور باسماچى هر ياتكزا گل‌لارينك سيزيقينى سيزيقچى دين. الادور سيزيقچى يغاچ‌لاركه هر خيل گل‌لارينك سيزيقينى اوياب باسماچيغه ساتادور قليب‌نى توزغه چيلاب خريت‌لاركه باساددور.

ئىلمدۇر (82) دېگەن ھەر قىسىم تاۋار - دۇردۇن، ئەدلەس (83)، شايە، لەنبۇق (84)، خاسە قاتارلىق خەرىتلەرگە (85) ھەرخىل گۈللارنى تىكىپ رومال، دوققا، چوڭ گۈللۈق شادشاپ كەشتەلىك (86)، پاقالچاقىغا گۈل تىككەن ئىشتان، تىكمە باشلىقى ئىراقى.

بايلارنىڭ ئۆيلارىغا ئىشلەتەدۇرغان لونگە (87)، مەئرەفلىك (88)، جەئنىماز (89)، بايلارنىڭ ئورانلارىغا، مەئرافلارىغا ياپادۇرغان شەدىشافلارگە قىسىم قىسىم (90) گۈللارنى گەردىس (91) دېگەن ئەگمەك ياغاچقا خەرىتلارنى تارتىپ قويۇپ، ئىلمى دەرشى (92) دېگەن تەئتۇر بىستىلىق دەرەشغا (93) مەشۇت يىپى، جانان يىپى، رەڭ يىپلارنى ئۆتكۈزۈپ تىكىپ ساتادۇرلار. خەرىتلەرگە گۈل باستۇرغالى باسماچى لازىم بولادۇر. باسماچى ھەر ياڭزا گۈللارنىڭ سىزىقىنى سىزىقچىدىن ئالادۇر. سىزىقچى ياغاچلارغا ھەر خىل گۈللارنىڭ سىزىقىنى ئوياپ باسماچىغا ساتادۇر. قىلىپنى تۇزغا چىلاپ خەرىتالارگە باسادۇر.

**تۇماقچى ۋە دوپپاچىنىڭ بەيانى**

توماقچى و دوپاچى‌نينك بيانى

توماقنى تيش كونلاريدا دوپانى ياز كونلاريدا كيرلار توماق برنچه تسم بولور. اطرنچه توماق سلله بوركا اودخانه. ملاچى توماق. تروديون اتكلون. دومچى توماقى، قرا دوخاوردا تاش قيلمنى چورسيكا تلما تونقان بكچى توماق جيبار توماق ازغنه قاما تونقان سرپوش توماق ايليچه توماق آرتوش توماقى. يالونينك جمه‌سى‌نى تلپك دولار. زنان‌لار كيادورغان توماق هم برنچه تسم بولور سوالپسوف توماق تلما توماق توكلى توماق سوسمه توق كيمخاب تاشليق توماق. بو تسم توماق‌لارينك خريت‌لارنى انويزكه سالب قليب بيلان كسيب بنى ينكنه بيلان تيكيب قليب‌كه تارتيب تيلتاق بيلان تلاب لوزون چوبورلارنى كسيب طيارلايدور تر توماق‌نى تيشماليرى بيلان تيشلاب گل تيليب طيارلاب ساتادور.

دوپا هم برنچه تسم بولادور انويجان دوپاسى. بو دوپانى قرا لنبوق غيه هر خيل دوخاوى‌غه لنبوق‌غه انويزغه چاغلاب كسيب باسماچى‌غه تامغو باستوروب گل تيكادور انويجن استر كسيب لوغشوب كلفز بيلان پيلته بوريب كزك بركيتيب چورسيكا جيك توتوب تاتلاب بيو بوركوب ايكى تخته‌نينك ارالىقيغه اليب توپه‌سيغا چيقيب ديساب تالتوروب پنوداز برييب طيارلايدور ورم قليب‌غه سالادور آرتوش شاپاقى ديكان برتسم دوپا بارانى تورت تالا تيليب تيكادور. برتالانى ينه برتالاغه چاتيب چورسيكا قرا توتوب طيارلايدور. اق دوپا ديكان برتسم دوپا بارانى ايكى تبت خلمەنى انويزكه سالب پيچيب ملشينه بيلان تيكيب طيار تيلادور موزا دوپا ديكان دوپانى سكز يكله اون الته تالا يا بولماسه تالاسز تيليب طيارلاب قليب‌غه سالادو. مخصر... بالاچه‌كالالارا تەبزمن گل كپب چاپاپ

طارتیدور دوپالارغه گل لارنی معشوت یعنی بیلان تیکیب بازارغه الیب
یاروب ساتادور ینه برقسم قالپاق دیکان یازدا کیادورغان یونک دین اکان
برنمه بار بعضی نی تورت تالا بعضی نی تالاسز قیلادور بعضی لاری
یومولاق بولادور چورسیکا قرا لنبوق مخمل دوریسی بیلان پعواز
قیلیب اوچیغه یفدین پوپوک اتیب اسیب قویادور تولاراق
صفرده یورادورغان خلق لار لازم قیلادور

تۇماقنى قىش كۈنلەرىدە، دوپپانى ياز كۈنلەرىدە كىيەلەر. تۇماق بىر نەچچە قىسىم بولۇر. ئەرەنچە تۇماق، سەللە يۆرگەيدۇغان موللاچى تۇماق (94)، تىرەدىن ئەتكەن دۈمچى تۇماق (95)، قارا دۇخاۋىدا تاش قىلىپ چۆرىسىگە قاما تۇتقان بەگچى تۇماق، چىپار تۇماق، ئازغىنە قاما تۇتقاق سەرپۇش تۇماق، ئۆلچە تۇماق، ئارتۇش تۇماقى، بۇلارنىڭ ھەممەسىنى تەلپەك دەرلەر. زەنانلار (96) كىيەدۇرغان تۇماق ھەم بىر نەچچە قىسىم بولۇر. سۇلەيسۇن تۇماق، قاما تۇمان، تۈلكە تۇماق، سۇئسە (97) تۇماق، كىمخاپ تاشلىق تۇماق. بۇ قىسىم تۇماقلارنىڭ خەرتلارىنى ئەندىزىگە سالىپ، قارچى بىلەن كېسىپ يىپ، يىڭنە بىلەن تىكىپ قىلىبكە تارتىپ، قىلتاق (98) بىلەن تاراپ، ئۆزۈن چۆپۈرلارىنى كېسىپ تەييار قىلادۇر. تىرە تۇماقنى تىشلەرى بىلەن تىشلەپ گۈل قىلىپ تەييارلاپ ساتادۇر.

دوپپا بىر نەچچە قىسىم بولادۇر. ئەندىجان دوپپاسى. بۇ دوپپانى قارا لەنبۇقغا ھەر خىل دۇخاۋىغا، لەنبۇقغا ئەندىزىغا چاپلاپ كېسىپ، باسماچىغا (99) تامغۇ (100) باستۇرۇپ گۈل تىكەدۇر. ئاندىن ئەستەر كېسىپ لۆخشۈپ كاغەز (101) بىلەن پىلتە بىرىپ، كەزەك (102) بىركەتىپ چۆرىسىگە جىيەك تۇتۇپ، قاتلاپ، سۇ پۇركۈپ، ئىككى تاختانىڭ ئارالىقىغا ئالىپ، تۆپەسىگە (103) چىقىپ دەپسەپ (104) قاتۇرۇپ، پەرداز بىرىپ تەييارلايدۇ ۋە ھەم قىلىپقا قىلىپقا سالادۇر. ئارتۇش شاپاقى دىگەن بىر قىسىم دوپپا بار. ئانى تۆرت تالا قىلىپ تىكەدۇر. بىر تالانى يەنە بىر تالاغا چاتىپ چۆرەسىگە قارا تۇتۇپ تەييارلايدۇر. ئاق دوپپا دىگەن بىر قىسىم دوپپا بار. ئانى ئىككى قەبەت (105) خاسەنى ئەندىزىگە سالىپ پىچىپ، ماشىنا بىلەن تىكىپ تەييار قىلادۇر. موزا دوپپا دىگەن دوپپانى سەككىز ياكى ئون ئالتە تالا يا بولماسا تالاسىز قىلىپ تەييار قىلىپقا سالادۇر. بەئزى دوپپالارغا كالاۋاتۇندىن (106) گۈل كېسىپ چاپلاپ تەييارلايدۇر. دوپپالارغا گۈللارنى مەئشۇت يەنى بىلەن تىكىپ بازارغا ئالىپ بارىپ ساتادۇر. يەنە بىر قىسىم قالپاق دىگەن يازدا كىيەدۇرغان يۇڭدىن ئەتكەن بىر نىمە بار. بەئزىنى تۆرت تالا بەئزىنى تالاسىز قىلادۇر. بەئزىلارى يۇمۇلاق بولادۇر. چۆرەسىگە قارا لەنبۇق مەخمەل دورىسى بىلەن پەئۋاز (107) قىلىپ ئۇچىغا يىفدىن پۆپۈك ئىتىپ ئاسىپ قويادۇر. تولاراق سەفەردە يۈرەدۇرغان خەلقغە لازىم بولادۇر.

### جۇۋاچىنىڭ بەيانى

جواچی‌نینک بیانی

جواچی ترینی قسساب‌دین الیب جمعی قیلادور انوین ترینی اشلاغالی
چونک تونک لازم قیلادور کومه قوناقنینک اونین خمیر قیلیب توزنی خمیرغه
جیق سالیب الیشتوروب ترینی سوغه چیلاب یومشاق قیلیب خمیرنی ترو
نینک ایچیغه سوواب انوین قاتلاب تونک‌غه سالادور تونک‌غه توز بیلان
سو اونو الیشتوروب قویوب قویادور ترولار اش یکانده تونک‌دین الیب
قوروتوب ایلاب یغاچغه تارتیب قویوب ایکی قولی بیلان ترو اوغاقی
دیکان ایکی دسته‌لیک اوغاقدا تارتیب اقارتیب کورپه‌نی سیدو دیکان اسبابدا
کسادور چانک دیکان اسباب‌نی میدیده باسیب توروب ترونی یغاچغه تارتیب
یشلاتادور جعیر دیکان اسبابدا کوپه‌نی اقارتادور یغاچدین اتکان چوپکز
نیمکز دیکان اسبابدا پعواز قیلادور ترونی چیزیلاب تانا چیکیب کسیب
ینکنه بیلان تیکیب جوانینک چورسیکا ینک‌لارنی‌نینک اوچلاریغه کوریه
توتوب طیارلاب بازارغه الیب باریب ساتادور جوانی قیش کونلاریدا کیا
دورلار.

جۇۋاچى تىرەنى قاسساپتىن ئالىپ جەمئي قىلادۇر (108). ئاندىن تىرەنى ئاشلاغالى چولۇڭ تۇلۇڭ لازىم قىلادۇر. كۆممە قوناقنىڭ ئۇننىنى خىمىر قىلىپ تۇزنى خىمىرغا جىق سالىپ ئالىشتۇرۇپ، تىرەنى سۇغا چىلاپ يۇمشاق قىلىپ، خىمىرنى تىرەنىڭ ئىچىغا سۇۋاپ ئاندىن قاتلاپ تۇڭغا سالادۇر. تۇڭغا تۇز بىلەن سۇ، ئۇند (109) ئالىشتۇرۇپ قويۇپ قويادۇر. تىرەلەر ئاش يېگەندە تۇڭدىن ئالىپ قۇرۇتۇپ ئەيلەپ، ياغاچقا تارتىپ قويۇپ، ئىككى قولى بىلەن تىرە ئوغاقى دىگەن ئىككى دەستەلىك ئوغاقدا تارتىپ ئاقارتىپ، كۆرپەنى سەيدۇ (110) دىگەن ئاسبابتا (111) كېسەدۇر. چاڭ (112) دىگەن ئاسبابنى مەيدىدە باسىپ تۇرۇپ تىرەنى ياغاچقا تارتىپ ئىشلەتەدۇر. جەئىپەر (113) دىگەن ئەسبابدا كۆپەنى ئاقارتادۇر. ياغاچدىن ئەتكەن چۆپكەز (114)، نىمكەز (115) دىگەن ئەسبابدا پەئداز (116) قىلادۇر. تىرەنى چىزىپلاپ (117) تانا چىكىپ كېسىپ، يىڭنە بىلەن تىكىپ جۇۋانىڭ چۆرەسىگە يەڭلەرى بىلەن ئۇچلارىغا كۆرپە تۇتۇپ تەييارلاپ بازارغا ئالىپ بارىپ ساتادۇر. جۇۋانى قىش كۈنلەرىدە كىيەدۇرلار.

### بافكارلىقنىڭ بەيانى

بافقارلیق نینگ بیانی

تیگوا. قموشداکی ییپ لارنی قطار تیزیب هر قموش نینگ ییپی نینگ
اوچی نی بر تالدین الیب . کناره دیگان اوشاق قوزوق لارنی ایتور اتی
تامغه قطار تاقیب ییپ لار نینگ اوچی نی تایلاب قوزوق لارغا ایلیب
بولغاندا یوغان برگلک ییپ قیلیب انی پاتلاب دوکانغه تارتادور اوند
بیلان پارتلایدور. موکه دیگان مونگوزدین قیلغان اوتراسیدا ناچه ییپی
قویادورغان بر یغاچ بار. دفتین دیگان باسیب توراتورغان یغاچ
پیکا دیگان هم ینه بر باسیب توراتورغان یغاچ نی ایتور. تورگه دیگان
طیار بولغان خام نی یورگایدورغان یغاچ نی ایتور. تیغ دیگان ییپ نینگ
ارالیقیدا توروب ییپ نی کاریب برادورغان قموشدین قیلغان اسباب نی
ایتور. کوله دیگان دفتین نی کوتاریب توراتورغان یغاچ نی ایتور. اوینا غوچ
دیگان ییپ نینگ قاتی نی ایریب برادورغان اوچ عدد یغاچ نی ایتور.

تەگۋا ⑪⑧ قۇمۇشداكى يىپلارنى قاتار تىزىپ، ھەر قۇمۇشنىڭ يىپىنىڭ ئۇچىنى بىر تالدىن ئېلىپ، كەنارە دېگەن ئۇشاق ⑪⑨ قوزۇقلارنى ئايتۇر. ئانى تامغا قاتار قاقىپ يىپلارنىڭ ئۇچىنى تايلاپ قوزۇقلارغا ئىلىپ بولغاندا يوغان بەرگىلىك يىپ قىلىپ، ئانى پاتلاپ ⑫⓪ دۇكانغا تارتادۇر. ئۇند بىلەن پارتلايدۇر. موكا دېگەن مۈڭگۈزدىن ⑫① قىلغان ئوتراسىدا ⑫② ناچا يىپنى قويادۇرغان بىر ياغاچى بار. دەفتىن ⑫③ دېگەن باسىپ تۇرادۇرغان ياغاچدۇر. پەيكا ⑫④ دېگەن ھەم يەنە بىر باسىپ تۇرادۇرغان ياغاچنى ئايتۇر. تۇرگە ⑫⑤ دېگەن تەييار بولغان خامنى يۆرگەيدۇرغان ياغاچنى ئايتۇر. تىغ دېگەن يىپنىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ يىپنى كارىپ بېرەدۇرغان قۇمۇشدىن قىلغان ئەسبابنى ئايتۇر. كۇلا دېگەن دەفتىن كۆتەرىپ تۇرادۇرغان ياغاچنى ئايتۇر. ئويناغۇچ دېگەن يىپنىڭ قاتىنى ئايرىپ بېرەدۇرغان ئۈچ ئەدەد ⑫⑥ ياغاچنى ئايتۇر.

### بىساتنىڭ بەيانى

ئۆيگە سالماق ئۈچۈن ئىشلەتەدۇرغان نېمەرسەلەر، ئەۋۋەل سالادۇرغانى بورىيادۇر ⑫⑦ ياكى بورا، ئانى جانگال ⑫⑧ يەردە ئۈزۈن يوغان قۇمۇشنى ئوراپ،

باطنینگ بیانی

اویگاسالماق اوچون ایشلاتادورغان نرسه لار اول سالادورغانی
بوریادور یاکه بوره انی جنگال یریدا اوزدن یوغان قموشنی اوراب
توخاق بیلان سوقاب یتجیب بوره چیلار توقوب کلتوروب ساتادور
کیگیز قوی یونگکیدین انی ایتیب یومشاتیب اتغان باخته دیک قیلیب
یونگ طیار بولغاندا چیغدین قیلغان بر پارچه کیگیز مقداریچه چیغدین قیلغان
نرسه سی بار انی چیغدان یاکه دوکان دیرلار انگا سالیب یونگنی تکشه
قیلیب چیغدان دوکانی بیلان یورگاب یومولاتیب پوتی بیلان تپوروب
کیگیز قیلور تنگنه دیب کیگیز قیلور بولسه جزلی یونگنی هر رنگ بویاب
گل کلتوروب تشیلاب قیلیب انی تنگنه کیگیز قیلور . اندین کیین گلم
نی یونگ نی ایگیریب شوینا قیلیب ویا یوغان ارقاق ییپ قیلیب گلم
توقوب طیار قیلور ینه بر قسمی گلم نی باخته ییپیدین توقوب قیلورلر
گلم ایکی قسم دور بری یونگ گلم اینینک ییپی هم یونگ ... قیلور ینه بری باخته
ییپ دین گلم انی هم جزلی نی بویاب یول یول قیلیب تغارچی توقوب
طیار قیلور. زیلچه اول چیکاشوینا نی زیلچیگا ینه تاریب یونگ نی هر رنگ
لیک نی تایلاب تارتیلغان ارقاق شوینا اوستیگا توقوب اینیک
اوستیدین اورمیش نی چینگ قیلماق اوچون پنجه دیب بر تمور پنجه سی بار
اینیک بیلان ارقاق لارنی چینگ قیلادور اوزدن قیسقه لارنی
تنگشاب توقویدور ینه کیگیراک تارراق بر قسمی بار انی هم
شبوطریق بیلان ... توقوب قورغاندا یونگ نینگ اکیز لیک
لارنی قارچی بیلان قیرقیب توروب توقوب ... پلاستلایدور ینه کیچیک
چهار سو برقسمی نی ماروزه یادبسکه آثار لارانی توقوماق تمام زیلچه
چارروزه بیلان اوخشاش دور اویگا سالادورغانلار ازکیک
باخته سالیب یاکیگیز تیکیب ... آثار لار بساطلار ...
ینه بری زردوال یوسوز فارسی سوز دور اصل زیر ...
بولور ینه بر قسمی سوز ... ایشکها توتادورغانی ...
ویا بویاق تمام ... قیلیب ایشیکگا توتارلار ینه قازوق
اوی نینگ تورینه تامینه ... مذکور لار اوی بساطی نینگ
جمله سیدین ترور . اویگا بوره سالیب اینینک اوستیگا کیگیز
سالیب اوی اوتراسیغه زیلچه سالیب تام چوره سیگا زردوال
توقوب ... وبسکه سالیب وبسکه بولماسا بدلیگا
یک انداز دیب کورپه نی سالیب قویارلار ... کوپه لار
اطلس دین بقصب ... شاهیلاردین بولور تامغه یقین
چورکولتوب تامغه یقین سالیب قویارلار شبو قسمی بساطلار
اوی بساطلاری بولور.

توخماق بىلەن سوقۇپ يەنچىپ بوراچىلار توقۇپ كەلتۈرۈپ ساتادۇر. كىگىز قوي يۇڭىدىن ئانى ئاتىپ يۇمشاتىپ ئاتقان پاختادەك قىلىپ، يۇلۇڭ تەييار بولغاندا چىغىدىن قىلغان بىر پارچە كىگىز مىقدارىچە چىغىدىن قىلغان نەرسەسى بار، ئانى چىغدان ياكى دۇكان دەرلەر. ئاڭا سالىپ يۇڭىنى تەكشى قىلىپ، چىغدان دۇكانى بىلەن يۆرگەپ [129] يۇمۇلاتىپ، پۇتى بىلەن پىشۇرۇپ كىگىز قىلۇر. تەگىنەمەد [130] دەپ كىگىز قىلۇر بولسا جۇزئى [131] يۇڭنى ھەر رەڭدە بوياپ گۇل كەلتۈرۈپ پىششىقلاپ قىلىپ، ئانى تەگىنەمەد كىگىز قىلۇر. ئاندىن كېيىن گىلەم، ئانى يۇڭنى ئىگىرىپ شوينا قىلىپ ۋە يا يوغانراق يىپ قىلىپ، گىلەم توقۇپ تەييار قىلۇر. يەنە بىر قىسمى گىلەمنى پاختا يىپىدىن توقۇپ قىلۇر، بەس. گىلەم ئىككى قىسمدۇر. بىرى يۇڭ گىلەم، ئانىڭ يىپىنى بوياپ قىلۇر. يەنە بىرى پاختا يىپىدىن گىلەم، ئانى ھەم جۇزئىنى بوياپ يول قىلىپ، تاغارچى توقۇپ تەييار قىلۇر. زىلچا، ئەۋۋەل چىگە شويناني زىلچا دۇكانىغا تارتىپ يۇڭنى ھەررەڭلىك يۇڭنى تايلاپ، تارتىلغان ئارقاق شوينا ئۈستىگە توقۇپ، ئانىڭ ئۈستىدىن ئۆرۈشنى چىلىڭ قىلماق ئۈچۈن پەنجە دەپ بىر تۆمۈر پەنجەسى بار، ئانىڭ بىلەن ئارقاقلارنى چىلىڭ قىلادۇر. ئۇزۇن قىسقالارنى تەگشەپ توقۇيدۇر. يەنە كىچىكرەك تارراق بىر قىسمىسى بار، ئانى ھەم شۇبۇ تەرىقى [132] بىلەن ئانى توقۇپ تۇرغاندا يۇڭنىڭ ئېگىز پەستلەرنى قارچى بىلەن قىرقىپ تۈرۈپ، توقۇپ راستلايدۇر. يەنە كىچىك چاھارسۇ [133] بىر قىسمىنى ماروزا [134] يا دەبىسكە [135] ئاتارلار. ئانى توقۇماق تەمام زىلچە چارۇزا [136] بىلەن ئوخشاشدۇر. ئۆيگە سالادۇرغانلار ئىچىگە پاختا سالىپ يا كىگىز تىكىپ دەبىسكە ئاتارلار. بىساتلار جىملەسىدىن يەنە بىرى زەردەۋال [137] بۇ سۆز فارسى سۆزدۇر. ئەسلى زىر دىۋار دېگەن بولۇر، يەنە بىر قىسمى سۆز دەر پەردە ياكى مىلەگزە، ئىشككە تۇتادۇر. ئانى لەمبۇقدىن ۋە يا بوياق خامدىن قىلىپ ئىشككە تۇتارلار. يەنە قازۇق ئۆينىڭ [138] تۆرت تامغا قاقارلار. مەزكۇرلار ئۆي بىساتىنىڭ جىملەسىدىندۇر. ئۆيگە بورا سالىپ ئانىڭ ئۈستىگە كىگىز سالىپ، ئۆي ئوتراسىغا زىلچا سالىپ، تام چۆرەسىگە زەردەۋال تۇتۇپ مىخلاپ، تۆرگە دەبىسكە سالىپ، دەبىسكە بولماسا بەدىلىگە [139] يەكئەنداز [140] دەپ كۆرپەنى كۆرپەنى سالىپ قويارلار. سالادۇرغان كۆرپەلەر ئەتلەسىدىن، بەقەسەپ، لەمبۇق، چىت، شەلپەرلەردىن بولۇر. تامغا يېقىن چۆرگۆلتۈپ، تامغا يېقىن سالىپ قويارلار. شۇبۇ قىسمى بىساتلار ئۆي بىساتلارى بولۇر.

## كۆنچىنىڭ بەيانى



كۆنچى بىر نەچچە قىسىم رەخت قىلادۇر. كۆن، قىرىم [141]، بۇزا [142]، ساغرا [143]، جەم [144]، بىشو [145] بۇ قىسىم رەختلەرنى كۆننى كالاتىرەسىدىنن، چەئمنى [146]، تىۋە [147]، ئات، قوتازلارنىڭ تىرەلەرىدە، قىرىمنى ئەركەك ئەچكۈنىڭ [148] تىرەسىدە، بۇزانى تېشى ئەچكۈنىڭ تىرەسىدە، ساغرانى ئىشەكنىڭ تىرەسىدە، بىشۇنى قوي تىرەسىدە ئېتەدۇر. تىرەلەرنى ئەۋۋەل سۇغا چىلاپ قويادۇر. ئاندىن تىرەلەرنى سۇدىن ئالىپ ئاگ [149] ۋە سۇ ئالشتۇرغان ئوراغا سالىپ ئېچىتىپ، ئورادىن ئالىپ، يۇڭىدىن جۇدا قىلىپ [150]، يەنە سۇغا سالىپ پاكىزە يۇپ قۇرۇتۇپ، دۇدخانە [151] دېگەن تونۇرغا ئالىپ بارىپ ئىسلايدۇر. ئىسىدا سارغارىپ يۇمشايدۇر. يۇمشاغاندا ئوبدان ئەيلەپ، رەڭ بېرىپ راستلاپ بازارغا ئالىپ بارىپ ساتادۇر.

## بوياقچىلارنىڭ بەيانى

بوياقچىلارغا ئىشلەيدۇرغان ئەسبابلار: كۇب يام [152]، نوگاي، لەكچاپ [153]، شكەچاپ [154]، بۇلار بوياقچى ئەسبابى، لەكچاپ، شكاچاپ دەپ ئېيتقانى ئىككى ياغاچ كالتەكدۇر. نىل [155] ۋە ئاھاڭ [156] ئاق نەرسەلەرنى نىل بىلەن كۆك قىلۇر ئىكەن. ئەمدى يالغۇز نىل بىلەن قالىپتۇر [157]. بۇ ۋەقتىدىن بىر نەچچە يىل ئىلگەرى بەقەم [158] ئورادان [159] بۇزغۇن رەڭ ئىشلەتەر ئېردىلەر. ھەلى ئانداغ نەرسەلەرنى ھېچ ئىشلەتمەي فەقەت نىل بىلەن

بوياقچىلارنىنگ بيانى

بوياقچىلارغه ايشلايدورغان اسباب لار كوب يام تولهاي لىك چاب سيغيچا چاب بولار بوياقچى اسبابى لىك چاب سيغيچا چاب ديب ايتقانى ايكى ياغاچ كلنك دور نيل و آهك و آق زرسه لارنى نيل بيلان كوك قيلور ايكان ايدى يالغوز نيل بيلان غالب دور بو وقت دين بركو بل ايلكارى بيقم اورادان بوزغون رنك ايشلاتارايرديلار علي انداغ زرسه لارنى هيچ ايشلاتماي فقط نيل بيلان غالب دور بو زرسه لارنى سرگزچى ايشلاتادورغان بولوب دور بيقم ديكان برقسمى قزيل اوتان دور اورادان قزيل بر يلديز كوك بيت چاقتان كشيلار ايشلاتادور بوزغون برقسمى اوتنينگ جمله سيدين بدفشاندين كلتورورلار زرچى زاك آهك بولارنى علي سرگزچيلار ايشلاتادورلار اسباب توغراسيدين بوياقچيلار برله سرگزچيلار نينگ اسباب لارى تمام اوخشاشى دور ليكن رنك لار ارا سيدا فرقى بار دور بوياقچى خاص بر نيل ايشلاتادور سرگزچى هر قسمى رنك يشيل قزيل زمبقى كوك زيتونى سريق شاپتول چچك قرا يولغون چچك كاوه چچك رنك هر قسمى رنك سرگزچيلار ايشلاتادورلار.

قالىپدۇر. بۇ نەرسەلەرنى سەرگەزچى ئىشلەتەدۇرغان بولۇپتۇر. بەقەم دېگەن بىر قىسمى قىزىل ئوتاندۇر. ئورادان قىزىل بىر يىلدىز، كۆك پىت چاقىقان كىشلەر ئىشلەتەدۇر. بۇزغۇن بىر قىسمى ئوتنىڭ جۈملەسىدىن، بەدەخشاندىن كەلتۈرۈلار. زەمچى، زاك (160)، ئاھاك، بۇلارنى ھەلى سەرگەزچىلەر ئىشلەتەدۇرلار. ئەسباب توغراسىدىن بوياقچىلار بىرلە سەرگەزچىلەرنىڭ ئەسبابلارى تامام ئوخشاشدۇر. لېكىن رەڭلەر ئاراسىدا پەرقى باردۇر. بوياقچى خاس بىر نىل ئىشلەتەدۇر. سەرگەزچى ھەر قىسمى رەڭ، يېشىل، قىزىل، زەمبىقى (161)، كۆك، زەيتۇنە، سېرىق، شاپتۇل چېچەك، قارا يۇلغۇن چېچەك، كاۋا چېچەك رەڭ. ھەرقىسمى رەڭ سەرگەزچىلەر ئىشلەتەدۇر.

## موزدۇزنىڭ بەيانى

موزدۇز دېگەن قەدىمقى ۋەقتىدىن ھەممەگە (162) مەشھۇر بولغان ھۈنەردۇر. موزدۇزغا تولا ئەسباب لازىم بولادۇر. موزدۇزنىڭ تەييار قىلغان ئىشىنىڭ باشقا ـ باشقا ئاتى بار. ئەر كىشى كىيەدۇرغان مەسە ئۆتەك (163) ياكى كەفش بولسا ئەرەنچە، خاتۇن كىشى كىيەدۇرغانىنى زەيپانە

موزه دوزنينگ بيانى

موزه دوز ديكان قديمقى وقت دين همه كه مشهور بولغان هنردور موزه دوزغه تولا اسباب لازم بولادور موزه دوزنينگ طيار قيلغان ايشىنينگ باشقه باشقه اتى بار ار كشى كيادورغان مسح اوتك ياكه كفش بولسه ايرنچه خاتون كشى كيادورغانىنى زيپانه كيچيك بالالارنينگ كينى باچكينه درلار

موزه دوزغه لازم بولادورغان رخت نينگ بر نيچه قسم اتى بار قريم بوزا كون ساغرا بيشو چم چيكرين اوفوكى بولغارى بر موزه دوز بر كشى لىك مسح پيچماق لازم بولسه رختنى انديزنينگ توپسيده قويوب كيسادور اندين يركه اسمايل تابنى سانجيب يفنى تارتيب توروب ايشادور يفنى ينگنه كه اوتكوزوب ساقدوز ديكان ديرش برله چاكلارنى تيكيب اندين كلچينلارنى تيكيب بيشو ديكان رخت بيلان ايچى طرفيكا استر قيليب بلچه ده استرنينگ ايكيز پست لارىنى توزلادور اندين قليپ كه تارتيب چم كيسيب ميخلاب چم دوز ديكان ديرش برله تيكيب پاشنه سيغه يتكانده پاشنه دوز ديكان ديرش برله تيكادور رختنى تيكادورغان وقت ده دزگير ديكان تاصمه برله پوتيغه تارتيب قويادور اندين قونجيغه شاتك تاقيب موزاكردون ديكان يغاچ برله سيليق قيليب پالپوشتك بيلان يحوازلاب طيار قيلادورلار

(164)، كىچىك بالالارنىڭ كەينى (165) باچكىنە (166) دەرلەر.

موزدۇزغا لازىم بولادۇرغان رەختنىڭ بىر نەچچە قىسىم ئاتى بار. قىرىم (167)، بۇزا (168)، كۆن (169)، ساغرا (170)، بىشو (171)، چەم (172) چىكرىن (173)، ئۇفوكى (174)، بۇلغارى (175)، بىر موزدۇز بىر كىشىلىك مەسە پىچماق لازىم بولسا رەختنى ئەندىزىنىڭ تۆپەسىدە قويۇپ (176) كېسەدۇر. ئاندىن يەرگە ئىسمايىل تابنى (177) سانجىپ، يىفنى تارتىپ تۇرۇپ ئىشەدۇر. يىفنى يىڭنەگە ئۆتكۈزۈپ، ساقدۇز (178) دېگەن دەرەش (179) بىرلە چاكلارنى تىكىپ، ئاندىن گۈلچىنلارنى تىكىپ، بىشو دېگەن رەخت بىلەن ئىچى تەرەپگە ئەستەر قىلىپ، بەلچەدە (180) ئەستەرنىڭ ئىگىز ـ پەستلارنى تۈزلەيدۇر. ئاندىن قېلىپكە تارتىپ، چەمەر (181) كېسىپ مىخلاپ، چەمەردۇز (182) دېگەن دەرەش بىرلە تىكىپ پاشناسىغا يەتكەندە، پاشنادۇز (183) دېگەن دەرەش بىرلە تىكەدۇر. رەختنى تىكەدۇرغان ۋەقتىدە دەزگىر (184) دېگەن تاسما بىرلە پۇتىغا تاتىپ قويادۇر. ئاندىن قونجىغا

شالى⑱⑤ قاقىپ مۇزاگەردۇن⑱⑥ دىگەن ياغاچ بىرلە سىلىق قىلىپ پالپۇشتەك ⑱⑦ بىلەن پەنىدازلاپ ⑱⑧ تەييار قىلادۇر.

ئىزاھاتلار:

① «قەشقەر تېكىستلىرى — دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە بېلىقچىلىقنىڭ بايانى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2013 ـ يىللىق 1 ـ سان، ئۇيغۇرچە، ② گۇننار ياررىڭ: «كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ تەپسىلاتى — كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا ھۈنەر كەسىپلەرگە دائىر شەرقىي تۈركچە تېكىستلەرنىڭ ئوقۇلغۇسى، تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى»، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ـ (شۋېتسىيە)، 1992 ـ يىلى (ئىنگلىزچە نەشرى)، ③ بۇ كىشى ئەنگلىيە كونسۇلى ياللىغان تىل ئوقۇتقۇچىسى، ④ بۇ كىشى شۋېتسىيە دىن تارقىتىش ئۆمىكى ياللىغان تىل ئوقۇتقۇچىسى، شۇنداقلا شۋېت باسمىخانىسىنىڭ تەھرىرى، ⑤ بۇ كىشىمۇ تىل ئوقۇتقۇچىسى، شۇنداقلا شۋېت باسمىخانىسىدا ياللانما خادىم بولۇپ ئىشلىگەن، ⑥ گۇننار ياررىڭ: « 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، بېلىقچىلىق — شەرقىي تۈركچە تېكىستلەرنىڭ ئوقۇلغۇسى. تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتى»، ستوكھولم (شۋېتسىيە)، 1998 ـ يىلى (ئىنگلىزچە نەشرى)، ⑦ بايلار، پۇلدارلار، ⑧ خەسسە سۇپەت، ⑨ ئىشتان، ⑩ كۆينەكلىرى، ⑪ تىككۈچى، سەيپۇڭ، ⑫ كەمزۇل چاپان، ⑬ بۇگۈنكى ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ۋىلايىتىنى كۆرسىتىدۇ، ⑭ بۇ ئەينى ۋاقىتتا پەرغانە رايونىدا مەخسۇس شارپا ۋە باشقا توقۇلما بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ قورغۇچىسىدىن بولغان بىر رۇس غوجايىنىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغان توقۇلما مەھسۇلاتلار مەزكۇر كىشىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، ⑮ يېشىل، ⑯ بەقەسەم، ⑰ تۆت ياكى تۆتلىق رەخت، ⑱ بېيجىڭ مەشۇتى، ⑲ يىڭنىدىن ئۆسۈپ يېتىلۋاتقان باللار، ياش باللار، ⑳ مۆتىۋەر كىشىلەر، ㉑ مەخسۇس ھىندىستاندىن چىقىدىغان سەللە يۆگەشكە ئىشلىتىدىغان ئاق خەسسە رەخت، ㉒ بىر خىل قونچىلىق ئۇزۇن ئۆتۈك، ㉓ ئەينى ۋاقىتتا يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئارىسىدا مودا بولغان رۇس پاسونىدىكى ئاياغ، ㉔ ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئاياغ ھىندىستان ۋە پاكىستاندىن كەلتۈرۈلگەن بولغاچقا ھىندىستان كەشى دەپمۇ ئاتالغان، ㉕ كالاچ، ㉖ باي ئاياللار، ㉗ سۆرەلمەك، ㉘ قاسراق چىقىرىش، ㉙ بۇ سۆز «ئاغا» ۋە «بانۇ»دىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەرنىڭ ئاياللارنى ئاتاشتا ئىشلىتىلىدۇ، ㉚ ئورنىدا، ㉛ مىقدار بىرلىكى، كۆينەكچە يۈزىنى، كۆلەمنى كۆرسىتىدۇ، رەختلەرگە ئىشلىتىدۇ، ㉜ جۇۋا، ㉝ كېرىم، بايلىق، ㉞ كۈمۈش رەڭ، ㉟ كىرىمى يوق، ㊱ ئۈزۈك، ㊲ قىممەت باھالىق ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ㊳ مەرۋايىت، ㊴ قائىدە ـ يوسۇن، ㊵ بۇ ئوردۇچە سۆز بولۇپ، ئاياللار كىيىدىغان بىر خىل ئىشتاننى كۆرسىتىدۇ، ㊶ مەخسۇس كۆن، خۇرۇملاردىن كىيىم تىكىشنى كۆرسىتىدۇ. يىڭنە ئىشى قىلىش دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ، ㊷ ئايالچە كۆڭلەك، ㊸ بۇ ئەينى دەۋردە ھىندى تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، ئالتۇندىن يىپ ئۆتكۈزۈلگەن يىڭنىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپىنچە ئۆتۈككە ھەر خىل گۈللەرنى ئويۇشقا ئىشلىتىدۇ ھەمدە مۇشۇنداق ئۆتۈكنى «كالابۇتۇن» ئۆتۈك دەپ ئاتايدۇ، ㊹ ھېچقانداق لۇغەتتە بۇنداق سۆز ئۇچرىمىغانلىقتىن «قەسىر» بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، ㊺ ئەسلىي تېكىستتىكى بۇ سۆزدىمۇ بىر ئاز مەسىلە بار. بۇ سۆزدىكى كېلىش قوشۇمچىسى «گە» نىڭ ئورنىغا، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «دە] كېلىشى كېرەك. بۇنداق بولغاندا بۇ سۆز ئەينى ۋاقىتتىكى بىر خىل تىكىش ماشىنىسىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن، ㊻ سەدەپ، ㊼ بەزىدە، ㊽ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ㊾ خىراجەت قىلىپ، ㊿ مەخسۇس توي قىلغان ئاياللار كىيىدىغان بىر خىل كۆڭلەك، 51 كۆڭلەك، 52 ھەر خىل رەڭلەر، 53 ئاق رومال، 54 بۇ يەردىكى «ساچىباق» دېگەن سۆز، «چاچباغ»نى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، توي قىلىش يېشىغا يەتكەن قىزلارنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە يەكەن قاتارلىق جايلاردا «سىكىلەك» دەپمۇ ئاتايدۇ، 55 قائىدىسى، 56 جۇۋان، 57 كىرگۈچە، 58 بىر خىل سۇرمە، 59 ئەتىسى، 60 يەل ـ يېمىش، 61 پېچىنە ـ پىرەنىك، تاتلىق ـ تۈرۈم، سوۋغا ـ سالام، 62 كاۋاپ، 63 پەتنۇس، 64 تىككۈچى، 65 كىيىم، 66 ئىش ھەققى، 67 ئەسۋاب، 68 قايچا، 69 سىزغۇچ، 70 غول، 71 ھازىرقى راھەت كىيىملەرگە ئوخشاش كەڭ كۆڭلەكنى كۆرسىتىدۇ، ئادەتتە بۇنى ياز كۈنى سالقىنداش ئۈچۈن كىيىدۇ، 72 بۇ خەنزۇ تىلىدىن ئارىيەت ئالغان سۆز بولۇپ، ياندىن ئېتىلىدىغان بىر خىل كۆڭلەكنى كۆرسىتىدۇ، 73 چاپاننىڭ ئىچىگە كىيىدىغان بىرخىل كۆڭلەك ئاياللار كىيىدۇ، 74 بۇ خەنزۇ تىلىدىن ئارىيەت ئالغا سۆز بولۇپ، ئىككى يېڭى يوق ئاسما كۆڭلەك، 75 بۇمۇ خەنزۇ تىلىدىن ئارىيەت ئالغا سۆز بولۇپ، بىر خىل ئىچ كۆينەك، 76 پەشتامان، 77 تىككۈچىلىكنىڭ بىر خىل تۈرى بولۇپ، كۆپىنچە يىڭنە ـ يىپ ئىشى قىلىدىغان كەسىپنى كۆرسىتىدۇ، 78 ئەتلەس، 79 پاختىدىن توقۇلغان نېپىز بىر خىل رەخت، 80 رەخت، 81 بۇ پارس تىلىدىن قوبۇل قىلغان سۆز بولۇپ، كۆرپە ئەستىرى ياكى كۆرپە كىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ، 82 لۆڭگە، 83 مېھراب، 84 جەيناماز، 85 خىلمۇخىل، 86 ئەگمە ياغاچ، 87 رەختلەرنى تىكىشتە ئىشلىتىدىغان بىر خىل بىگىز، 88 بىگىز، 89 موللام تۈمىقى، 90 قۇيرۇق تۇماق (كۆپىنچە قوينىڭ قۇيرۇقىدا تىكىلىدۇ)، 91 بۇ پارسچىدىن قوبۇل قىلغان سۆز بولۇپ، ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ، 92 سۆسەر، 93 مەخسۇس قىل تارايدىغان بىر خىل تارغاق، 94 مەخسۇس رەختلەرگە گۈل باسىدىغان كىشى، 95 تامغا، 96 بىر خىل ئالاھىدە قەغەز، 97 رەختنىڭ قىرىندىلىرى، 98 ئۈستىگە، 99 دەسسەپ، 100 قەۋەت، 101 «كالا بۇتۇن» بىلەن ئوخشاش، «كىيىملەرنىڭ بەيانى» قىسمىغا

قارالسۇن، (102) چۇمبەل، (103) جۇغلاش، يىغىش، (104) ئەسلي تې-
كىستتە «اوند» يېزىلغان، بۇ سۆز «ئۇن» بولۇشى مۇمكىن، (105)
بۇ خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ، قىڭراق دېگەن
مەنىدە، (106) ئەسۋاب، (107) بۇمۇ خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز
بولۇپ، تېرىنى تازىلاشقا ئىشلىتىدىغان پىچاق، (108) تېرىنى ئاشلاشقا
ئىشلىتىدىغان، ئورغاقتا ئوخشايدىغان نەرسە، (109) تېرە ئاشلاشقا
ئىشلىتىدىغان ياغاچتىن ياسالغان سايمان، (110) تېرە ئاشلاشقا ئىشلە-
تىدىغان ياغاچتىن ياسالغان سايمان، (111) پەرداز، (112) ئۆلچەپ، (113)
بۇ سۆز «تەگۋاز» بولۇشىمۇ مۇمكىن. خوتەن شىۋىسىدە ھازىرمۇ
مۇشۇ سۆزنى ئىشلىتىدۇ. بۇ كۆك ماتا دېگەن مەنىدە، (114)
ئىلمەك، كانار، (115) يىپقا ناۋات سۈيى پۈكۈپ قاتتىشنى
كۆرسىتىدۇ، (116) مۇگگۇز، (117) ئوتتۇرىسىدا، (118) يىپنى بېسىپ تۇرى-
دىغان ياغاچ، (119) ئۈستىدىن بېسىپ تۇرىدىغان ياغاچ، (120) خامنى
يۆگەيدىغان ياغاچ، (121) ياغاچ، (122) بورا، (123) جاڭگال، (124)
يۆگەپ، (125) تەگلىمات (كىگىزنىڭ بىر خىلى)، (126) بىر قىسىم،
قىسمەن، ئايرىم، (127) ئۇشبۇ ئۇسۇلدا، (128) تۆت چاسا، (129) بۇ سۆز
خەنزۇچىدىن كىرگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن، بىر خىل كىچىك گى-
لەمنى كۆرسىتىدۇ، (130)بۇ سۆز موڭغۇلچىدىن كىرگەن بولۇشى
مۇمكىن، كىچىك گىلەمنى كۆرسىتىدۇ، (131) بۇ سۆزمۇ خەنزۇچىدىن
كىرگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن، كارۋات ياكى يېتىپ قوپىدىغان
جايغا سېلىنىدىغان گىلەمنى كۆرسىتىدۇ، (132) زەدىۋال، (133) مېھمان-
خانا ئۆي، (134) ئورنىغا، (135) يېكەنداز، (136) ئۆچكە تېرىسىدىن
يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن خۇرۇم، (137) بۇ سۆز پارسچىدىن
كىرگەن بولۇپ، پارسچىدا «بوزا»، «چىلان تورۇق ئات»
دېگەن مەنىدە، بىراق بۇ يەردە كۆپىنچە چىشى ئۆچكىنىڭ تېرىسى-
دىن ئىشلەنگەن خۇرۇمنى كۆرسىتىدۇ، (138) ئات، ئېشەك ياكى
قۇلان تېرىسى، (139) بۇ سۆز «چەم» بولۇشى مۇمكىن، (140) قوي
تېرىسى، (141) چەم، (142) تۆگە، (143) ئۆچكە، (144) ھاك، (145) يۇڭدىن
خالاس قىلىپ، (146) بۇسخانا، ئىسلاقخانا، (147) چولڭ تەشتەك، (148)
بويالغان بوياقنى كۆب ياكى قازاندىن سۈزۈپ ئېلىپ قۇرۇتۇشقا
ئىشلىتىدىغان ئىككى تىل ياغاچ، (149) يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش،
(150) بوياقنىڭ خۇرۇچى، قېنىق كۆك رەڭلىك ئورگانىك بوياق، (151)
هاك، (152) بۇ سۆز ئەسلي «قىلىپ» بولۇشى مۇمكىن، (153) قىزىل
بوياق ئېلىنىدىغان دەرەخ، (154) ئەسلي «ئوردان» بولۇشى
كېرەك. رويان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈمـ-
لۈك غولىدا تەتۈر ئۆسكەن تىكەنلىرى بولىدۇ، يىلتىزىنى قىزىل
بوياققا ماتېرىيال قىلىشقا ياكى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، (155) چەم
قارايتىش، چەكمەن بوياش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بوياق، (156)
كۆك بىلەن يېشىل ئارىلىقىدىكى رەڭ، (157) ھەممىگە، (158) مەسە،
(159) ئايالچە ئۆتۈك، (160) ئەسلي سۆز پارسچە «پەچچە- باللا»
بىلەن تۈركچە «كىنە، كەنە» دېگەن كىچىكلەتمە دەرىجىنىڭ قو-
شۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن سۆز بولۇپ، «بەچچەگىنە- باللارچە، باللا-
لارنىڭ» دېگەن مەنىدە، بۇ يەردە مەخسۇس باللار كىيىدىغان
ئاياغنى كۆرسىتىدۇ، (161) بۇ سۆز ئەسلي تېكىستە خاتا يېزىلغان بو-
لۇشى مۇمكىن، «كەيگىننى ياكى كېيەدۇرغاننى» بولۇشى كېرەك،
(162) «كۆنچىنىڭ بەيانى»غا قارالسۇن، (163) «كۆنچىنىڭ بەيانى»غا
قارالسۇن، (164) «كۆنچىنىڭ بەيانى»غا قارالسۇن، (165) «كۆنچىنىڭ
بەيانى»غا قارالسۇن، (166) «كۆنچىنىڭ بەيانى»غا قارالسۇن
(167) «كۆنچىنىڭ بەيانى»غا قارالسۇن، (168) كالا خۇرۇمى
(169) بىر خىل ئالاھىدە خۇرۇم، (170) قىزىل خۇرۇم، ئادەتتە
رۇس خۇرۇمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، (171) بۇ سۆز ئەسلي تېكىستتە
«قويوت» بولۇپ قالغان، مەزمۇن ئېتىبارى بويىچە «قويۇپ»قا
ئۆزگەرتىلدى، (172) ئۆتۈك تىكىشتە ئىشلىتىدىغان بىر خىل سايمان
، (173) ئاياغنىڭ تەگ چەمنى تىكىشتە ئىشلىتىدىغان بىگىز، (174)
بىگىز، (175) قىرىش ئەسۋابى، قىرىش پىچىقى، (176) چەم، (177) چەم تى-
كىشكە ئىشلىتىدىغان بىگىز، (178) پاشنىنى تىكىشكە ئىشلىتىدىغان
بىگىز، (179) ئەسلي «دوست كير» بولۇشى مۇمكىن، تۇتقۇچ، (180)
ئۆتۈكنىڭ قونچىغا سالىدىغان مەخسۇس ياغاچ قېلىپ، (181) پارسچى-
دىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئاياغ قېلىپىنى كۆرسىتىدۇ، (182) ئاياغ
پەردازلاشقا ئىشلىتىدىغان چوتكىسىمان نەرسە، (183) پەردازلاش.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت قۇدرەت ھەمراھ (جۇڭگو
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خادىمى)

## ئاپتورلار سەمىگە:

ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەن ئاپتورلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قەلەم ھەققى ئەۋەتىشىمىزگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشلۇق تەپسىلي ئادرېسى ۋە ئىسىم - فامىلىسىنى كىملى- كىدىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە تولۇق يېزىپ ئەۋەتىشىنى، شۇنداقلا ئەۋەتكەن ئەسىرىنىڭ بىر نۇسخىسىنى ئۆزى ساقلاپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەسەر قايتۇرۇلمايدۇ.

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى



# كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش

كىنىزەم بىلەن بوز كۆرپەش نىزناي پادىشاھنىڭ دەسلەپكى ئايالىدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى ئىكەن، بالىلىرى تۇغۇلۇپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن نىزناي پادىشاھنىڭ بۇ ئايالى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. كېيىن نىزناي پادىشاھ يەنە بىر ئايال ئاپتۇ. ئۇ ئايالمۇ يەنە بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭغا قۇتۇش دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. بۇ ئۈچ ئاكا-ئۇكا ناھايىتى ئىناق ئۆتۈپتۇ. قۇتۇش ناقايىل، ساراڭ مىجەز بالا ئىكەن، كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى نىزناي پادىشاھ ئۈچ ئوغلىنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى نىزناي پادىشاھ بالىلىرى ئۆتىدىغان يەرگە بېرىپ يېتىپ «باققان بالام ئەگىپ ئۆتەر، باقمىغان بالام ئاتلاپ» دەپ يېتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئايالى ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ بەگباشلىقىنى بىلىپ پادىشاھقا:

— ئەي پادىشاھىم، باققان بالىڭىز ئاتلاپ ئۆتەر، باقمىغان بالىڭىز ئەگىپ ئۆتەر، — دەپتۇ. پادىشاھ:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ. لېكىن ئايالى ئۇنىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال ئىككى قوشىنىسىغا «سىلەر پادىشاھنى كۆرسەڭلار، مەن ئۆگەتكەندەك دەڭلار» دەپ نۇرغۇن سوۋغا بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ يولغا مېڭىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئىككى قوشنىسى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، نەگە ماڭدىڭىز، — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ:

— باققان بالام ئەگىپ ئۆتەر، باقمىغان بالام ئاتلاپ، — دەپتۇ. قوشنىلىرى:

— ياق، پادىشاھى ئالەم، باققان بالىلىرى ئاتلاپ ئۆتەر، باقمىغان بالىلىرى ئەگىپ، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بالىلىرى ئۆۋدىن كېلىپ ئۆتىدىغان يولغا كېلىپ يېتىپتۇ. دەسلەپ كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەش كېلىپ قارىسا، ئاتىسى يولدا ياتقان، ئۇلار «ئارام ئېلىپ ياتقان ئوخشايدۇ، ئويغىتىۋەتمەيلى» دەپ ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. كېيىن ھېلىقى بەگباش بالىسى كېلىپ:

— ھەي ئاتا نېمىشقا يولدا ياتتىڭىز، قوپۇڭ، — دەپتۇ. پادىشاھ قوپماپتۇ، بۇ بالا خاپا بولۇپ، — پادىشاھ تۇرۇپ يولدا ياتقىنىنى قانداق ئادەم بۇ، — دەپ ئاتىنى ئاتلىتىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نىزناي پادىشاھ:

«مەن ئاشۇ ئىككى بالىنى باقمىغان ئوخشايمەن، مۇشۇ بىر بالىنى بېقىپتىمەن» دەپ ئۆزىنىڭ ئىككى بالىسىنى كۆزدىن يوقاتماقچى بولۇپتۇ، بۇرۇن نۇرغۇن ئەقىللىق، دانا ئىشلارنى قىلغان نىزناي پادىشاھ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئەقلىدىن ئادىشىپتۇ. ئەتىسى نىزناي پادىشاھ كىنىزەم بىلەن بوزكۆرپەشنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— مانا ماۋۇ ياداغ ئىككى ئاناڭلاردىن كېلىدىغان

مىراس، ماۋۇ ئىككى يادىغ مەندىن قالدىغان مىراس، سىلەر بۇگۈندىن باشلاپ بۇ يەردىن كېتىڭلار، ئىۋۇئۇۋلاپ جېنىڭلارنى بېقىڭلار، ئىككىڭچى بوسۇغامغا دەسسىمەڭلار، — دەپ باللىرىنى ھەيدىۋېتىپتۇ. باللىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ئاتا سۆزى ۋاجىپتۇر، ئاتام ۋەھى قىلغان بولسا بىز يولغا راۋان بولايلى، — دەپ ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ، قان، قېرىنداش بولۇپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار كەچكىچە يول يۈرۈپ، بىر كۆل ياقىسىغا بېرىپ، غاز، ئۆردەك ئوۋلاپ كاۋاپ قىلىپ يەپ ئارام ئاپتۇ، ئەتىسى يەنە مېڭىپتۇ ۋە بىر كۆل ياقىسىغا بېرىپ غاز، ئۆردەك ئوۋلاپ كاۋاپ قىلىپ يەپ ئارام ئاپتۇ. ئەتىسى سەھەردە ئەتىگەنلىك تاماق يەپ ئولتۇرغاندا، يىراقتىن نۇرغۇن ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى ۋە نەيزە، قالقان ياراغلارنىڭ جاراڭلىشى ئاڭلىنىپتۇ. بوزكۆرپەش چۆچۈپ:

— ئى ئاكا، بۇ نېمە ئىش؟ — دېگەندە، ئاكىسى كىنزەم:

— ھەي ئۇكام، تامىقىڭنى چاققان يېگىن، ھەقاچان ئاتام بىزنىڭ ئارقىمىزدىن مىڭلاپ لەشكەر ئەۋەتىپ بىزنى «ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار» دېگەن بولۇشى مۇمكىن، بىز ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا تەييار تۇرايلى، — دەپتۇ. ئۇلار تاماقنى يەپ بولۇشىغا، ئۇلارنىڭ ھېلىقى ئۈگەي ئاكىسى قوتۇش يېتىپ كەپتۇ، ئۇلار 40 مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ بۇ ئىككىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن. قوتۇش چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككىسىنى:

— سەن ئات، — دەپتۇ. كىنزەم بىلەن بوز كۆرپەش:

— ھەي ئاكا، قېرىنداشلىق مېھرى ئاكىدا بولىدۇ. شۇڭا سېنىڭ ئوقۇڭ تۆگىگەندە ئاندىن بىز ئاتىمىز، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قوتۇش «ئېتىڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. 40 مىڭ چېرىك شۇنچە ئاتقان بولسىمۇ، بۇ ئىككى بالىغا زادى تەگمەپتۇ، ئاخىرىدا ئىككى ئوغۇل:

— ھەي ئاكا ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى، — دەپ ئىككى تال ئوق بىلەن 40 مىڭ لەشكىرىنى قىرىۋېتىپتۇ، يەنە ئىككى تال ئوق بىلەن قوتۇشنىڭ قالپىقىنىڭ پوپۇكىنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاكىسى قوتۇش قورقۇپ كېتىپ ئۆلۈكلەرنى ئارىلاپ قېچىشقا باشلاپتۇ. ئىككى ئۇكىسى قوغلاپ بارسا ئىككى داش قازان بىلەن نەچچە ئون تۈلۈم ياغ تۇرغان، كىنزەم قوتۇشتىن:

— ئەي ئاكا، بۇ قازان بىلەن ياغنى نېمە قىلماقچىتىڭ، — دەپ سوراپتۇ. قوتۇش:

— ئاتام «ئەگەر ئۇ ئىككىسىنى تۇتۇۋالساڭ مۇشۇ ياغنى مۇشۇ قازانغا قۇيۇپ قايىنتىپ ئىككىسىنىڭ گۆشىنى قورۇپ يەڭلار»، دېگەنىدى، — دەپ ئىقرار قىپتۇ. كىنزەم شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا ئاڭلا، بۈگۈن بىز ئاتامنىڭ 40 مىڭ چېرىكىنى قىرىۋەتتۇق. سېنى ئۆلتۈرسەكمۇ ئۆلتۈرەرمىز، لېكىن سەن ئاتامنىڭ ئەزىز بالىسى، بىز سېنى ئۆلتۈرمەيمىز. سەن ئاتامنىڭ يېنىغا ساق كەتكىن، ئاتىمىز بۇرۇن نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغانىدى. قېرىغاندا ئەقلىدىن ئاداشتى. سەن ئاتامغا ياخشى قارىغىن، بۇنىڭدىن كېيىن، پالتۇك ① ئاتلاپ بىزنىڭ ئارقىمىزدىن قوغلاپ يۈرمە، ھازىر ئارقاڭغا قايت، — دەپتۇ، شۇنداق دەپ بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. بۇ كۈنى ئۇلارغا ئۇچار قاناتمۇ ئۇچراشماپتۇ، ئۇلار ئاچ قورساق مېڭىپتۇ. كەچ بولغاندا بىر دۆڭنىڭ يامزىلى② دا ئاچ قورساق يېتىپ قاپتۇ، يېرىم كېچە بولغاندا چۈشىدە بىرسى ئۇلارنى: «ھەي ئوغۇل تۇر ئورنۇڭدىن» دەپتۇ. بۇلار چۆچۈپ ئويغانسا ئالدىدا بىر داستىخان ھور چىقىپ تۇرغان نان بىلەن بىر چۆگۈن چاي تۇرغىدەك، بۇلار «بۇ ئاللانىڭ بەرگىنى» دەپ ناننى يەپ، چاينى ئىچىپ دۇئا قىلىپ بولۇشىغا، داستىخان بىلەن چۆگۈن كۆزدىن غايىب بوپتۇ. ئۇلار يەنە يېتىپ ئارام ئاپتۇ. شۇ چاغدا چۈشىگە بىر ئىش ئايان بوپتۇ. چۈشىدە «ئاستىڭنى كولىغىن» دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. ئۇلار قوپۇپ ئاستىنى كولاپتىكەن، ئۇ يەردىن بىر پالنامە چىقىپتۇ. پالنامىنى ئېلىپ ئۇلار پالنامىگە قارىسا، ئاكا-ئۇكا ئىككىسىنىڭ ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقى ئايان بوپتۇ. ئۇلار كېچىچە يىغلىشىپتۇ، ئاكىسىمۇ يىغلاپتۇ، ئۇكىسىمۇ يىغلاپتۇ. ئەتىسى ئۇلار يولغا چىقىپ كېتىپ بارغاندا دەل ئاش ۋاقتى مەزگىلىدە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كالا مۈڭگۈزىنى كۆرۈپ قاپتۇ. كىنزەم بۇنى كۆرۈپلا:

① پالتۇك — بۇسۇغا، ئىشىك بوسۇغىسى.

② يامزال — يان تەرىپى، يېنى.

— بۇ ئاجايىپ ياخشى جانىۋارنىڭ مۆگگۈزى ئىكەن، مۇشۇنداق ياخشى نەرسىمۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالامدۇ، — دەپ قولىغا ئېلىشىغىلا كۆز ئالدىدا ئىككى ئاچا يول پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىككىسى «بۇ بىزگە كەلگەن خۇدانىڭ تەقدىرىكەن» دەپ 40 كېچە-كۈندۈز يىغلىشىپ، ئاچا يولدا ئولتۇرۇپتۇ، ئاخىر ئامالنىڭ يوقلۇقىدىن كىنىزەم بىلەن بوز كۆرپەش ئىككىسى بىر-بىرىگە بىر تالدىن يا ئوقى تەقدىم قىلىپ:

— قايسىمىزنىڭ ئوقىنىڭ ئۇچى داتلاشسا، ئۇ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ، دەپ بىلىشەيلى، — دەپ خوشلىشىپ ئىككىسى ئىككى يولغا ئايرىلىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئۆكسىدىن باشلايلى:

ئۇ يول يۈرسىمۇ ئىنتايىن مول يۈرۈپتۇ. ماڭا-ماڭا ئۆز دۆلىتىدىن ئايرىلىپ رۇم دۆلىتىنىڭ زېمىنىغا چىقىپ قاپتۇ. ئۇ يەردە ئۇيان مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ بۇ يەردە ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى ئولتۇراقلاشقان مىڭكۇ① باتۇرنىڭ شەھىرىگە ئورۇنلىشىپ قاپتۇ. ئۇ يەردىكى چاشقانلار قويدەك يوغان ئىكەن. ئۇ شۇ يەردە چاشقاننى ئۆلتۈرۈپ تېرىسىدە جۇۋا كىيىپ بىر قېرى ئايالنىڭ بالىسى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ قېرى ئايال كىنىزەمنى ھېچنەگە چىقارمايدىغان، يېنىدىن بىردەممۇ ئايرىمايدىغان بولۇۋاپتۇ، كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى بۇ شەھەردە ھەر كۈنى ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كىنىزەم ئانىسىدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. ئانىسى:

— ئەي بالام، مەن ساڭا بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتمايمەن، ئەگەر ئېيتىپ قويسام سەن مېنى تاشلاپ كېتىسەن، — دەپتۇ. كىنىزەم شۇ ھامان:

— ئەي سۆيۈملۈك ئانا! سىز مېنىڭ ئۆز ئانام، مېنىڭ ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، مەن بۇ يۇرتتىن يىراق بىر يۇرتتىكى نىزناي دېگەن پادىشاھنىڭ ئوغلى ئىدىم، بىز بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ئىككى ئوغۇل ئىدۇق، ئاتام قېرىغاندا ئەقلىدىن ئېزىپ بىز ئىككىمىزنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقاردى. بىر يەرلەرگە كەلگەندە ئاكام بىلەن ئىككىمىز ئايرىلىپ كەتتۇق، ئەگەر مەن بىرەر ئىشقا يولۇقۇپ قالسام، ئاكام مېنى مۇشۇ شەھەردىن ئىزدەپ تاپىدۇ، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپتۇ. بۇنىڭغا ئىشەنگەن ھېلىقى ئايال بۇنىڭ سەۋەبىنى ئوغۇلغا ئېيتىپ بېرىپتۇ:

— ھەي ئوغلۇم، بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ بىر گۈزەل مەلىكىسى بار ئىدى، ئۇنىڭغا شەھەردىن ئەلچىلەر كۆپ كېلىپ كەتكەچكە پادىشاھ ئامال قىلالماي بىر ئېگىز خادىنىڭ ئۈستىگە بىر قاپاقنى ئېسىپ قويىدى. كىمكى ئاشۇ قاپاقنى چاقسا قىزنى شۇنىڭغا بېرىشكە، ئەگەر تەگكۈزەلمەي قاپاقنى چاقالمىسا كاللىسىنى ئېلىشقا پەرمان چۈشۈردى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىنىزەم:

— ئەي ئانا، مەن بىر بېرىپ باقاي، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۆيلىنىپ قالدىغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ، لېكىن موماي ئۇنىماي تەستە:

— بالام، سەن بارساڭ ئوقيانى قويۇپ بار، بولمىسا قايتىپ كېلەلمەيسەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يايىنى قويۇپ شەھەرگە بېرىپتۇ. شەھەرگە بارسا نىنى يىگىتلەر قاپاققا ئوق تەگكۈزەلمەي بېشى كېسىلىپ ئادەم جەستى تاغ بولۇپ كېتىپتۇ، قان دەريا بولۇپ ئېقىپ كوچىدا ماڭغىلى بولماس بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىنىزەم بىر ئاغىنىسىگە:

— سەن مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ مېنىڭ يايىمنى ئېلىپ كەلسەڭ، مەن بىر ئېتىپ باقسام، — دەپتۇ، خېلى ساقلىغان بولسىمۇ ئاغىنىسى كەلمەپتۇ، بۇنى كۆرگەن ئەتراپتىكى كىشىلەر:

— ھەي يىگىت، سېنىڭ يايىڭ نېمىشقا كەلمەيدۇ، — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— ھەي ئاغىنىلەر، بۇ مېنىڭدىن قالغان ئادەت ئەمەس، كونىلاردا ياغا بارغان ياسىن بەگ بوپتۇ، دېگەن تەمسىل بار ئىكەنتۇق، ئۇ بەلكىم ياسىن بەگ بولغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان «ياغا بارغان ياسىن بەگ» بوپتۇ، دېگەن تەمسىل قالغانىكەن. كىنىزەم ئاخىر تاقەت قىلالماي ئۆزى بېرىپ يايىنى ئەكېلىپ «خۇدا مەدەت قىلغايسەن» دەپ قاپاققا قارىتىپ بىر ئوق ئۈزگەنىكەن، قاپاق چېقىلىپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ، كۈيۈئوغۇل بولغۇچىنى دەرھال ئەكىرىشكە بۇيرۇپتۇ. نۆكەرلەر دەرھال كىنىزەمنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. ئەسلىدە بۇ پادىشاھ دۇنيادىكى يەتتە باتۇرنىڭ بىرى ئىكەن، ئۇ كىنىزەمنى كۆرۈپ، شۇ ھامان پەرمان چۈشۈرۈپ، 30 كۈن ئويناپ توققۇز كۈن

① مىڭكۇ — پادىشاھنىڭ ئىسمى.

تويلاپ قىزنى كىنىزەمگە چېتىپ قويۇپتۇ ھەم ئۇلارنى تۆمۈر ھۇجرىغا ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى پادىشاھ «ئەگەر مەن قىزىمنى بىرسىگە ياتلىق قىلسام، ئۇنى مۇشۇ تۆمۈر ئۆيگە سولاپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن، ئۇرۇق-ئەۋلادىنى قۇرۇۋېتىمەن» دەپ قەسەم قىلغانىكەن، شۇڭا پادىشاھ توي بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ تۆمۈر ئۆينىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن ئوتۇن يىغىپ، بۇلارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. لېكىن تۆمۈر ئۆي قىپقىزىل چوغ بولۇپ كەتسىمۇ كىنىزەم بىلەن مەلىكىگە قىلچە ئىسسىق ئۆتمەپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى بوزكۆرپەشتىن ئاڭلايلى:

بوزكۆرپەش بىر كۈنى يايىغا قارىسا، يايى بىرىنچى كۈنى ئازراق داتلىشىپتۇ، ئىككىنچى كۈنى يېرىمى داتلىشىپتۇ، ئۈچىنچى كۈنى ئوقىنىڭ ئۇچى تولۇق داتلىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بوزكۆرپەش شۇ زامان «ھەي خۇدا، پەرۋەردىگار، يار بولغايسەن، مۇشۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە، ئۇكامنىڭ يېنىغا يەتكۈزگەيسەن!...» دەپ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ كۆزىنى يۇمغانىكەن. بوزكۆرپەش شۇ زامان رۇم شەھرىدە پەيدا بولۇپتۇ. قارىسا ئوردا يېنىدا بىر تۆمۈر ئۆي تۆت ئەتراپىدىن ئوت يېقىلىپ قىپقىزىل چوغ بولۇپ تۇرغان، تۆمۈر ئۆينىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇكىسىنىڭ شەپىسىنى ئۇقۇپ مۇنداق نەزمە سېلىپتۇ:

تاملىرىڭ ئالتۇنمۇ سىرلاپ قويغان تۆمۈردەك،
ئىشىكلىرىڭ تۆمۈرمۇ سىرلاپ قويغان مۇسۇندەك ①.

كىنىزەم: — ھەي ئاكا، بۇ گەپنىڭ بىزگە نېمە لازىمى، تۆمۈر بولسىمۇ چېپىپلا كىرسەڭ بولمامدۇ، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «ياپىرىم» دەپلا تۆمۈر ئۆينى چېپىپلا كىرىپ ئۇكىسى بىلەن مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ ۋە بۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ياردەملەشكەن 40 كۆرۈكچىنى چېپىپ تاشلىماقچى بوپتۇ. ئۇ ئۇكىسى بىلەن بىرلىشىپ 40 كۆرۈكچىنى ② چاپقىلى تۇرۇپتۇ. 39 نى چېپىپ بولۇپ ھېلىقى ئۆزىگە ياردەم قىلغان 40 ىنچى كۆرۈكچىگە كەلگەندە ئۇكىسى ئاكىسىنىڭ پېشىنى تارتىپ قويۇپتۇ:

— ئەي ئاكا، بۇ كۆرۈكچىنى چاپمايلى، ئۇ ماڭا ياردەم قىلغان، — دەپ ئۇنى ساق قويۇپتۇ. بۇ كۆرۈكچى شۇ زامان:

— ئەي باتۇر يىگىت، سىزنىڭ نېمە بۇيرۇقلىرىڭىز بولسا مەن تەييار، — دەپتۇ. بۇ يىگىت شۇ زامان ئۇنىڭغا:

— ئەي كۆرۈكچى ئۇنداق بولسا، سەن تىغى يىڭنىدەك ئىنچىكە بولسۇن، تىلى 40 مىڭ تال بولسۇن، شۇنداق بىگىز-بارىندىن ③ بىرنى تەييار قىل، ئۇنى پۈتتۈرسەڭ مەن ساڭا نۇرغۇن ئىنئام بېرىمەن، — دەپتۇ. جېنى ئامان قالغان كۆرۈكچى شۇ زامان بىر قانچە كۆرۈكچى ئاغىنىلىرىنى يىغىپ بىر ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە يىگىت بۇيرۇغان تىغى يىڭنىدىن ئىنچىكە، تىلى 40 مىڭ تال بىر بىگىز-بارىنانى تەييارلاپ ئەكىلىپ يىگىتنىڭ يېنىغا تاشلاپتۇ. بۇ باتۇر ئالدىغا تاشلانغان بارىننى كۆرۈپ قىزغا قاراپ:

— ھەي مەلىكە، سېنى ئوتقا باسقان ئاتاڭنى دەمسەن؟ ياكى قۇتقۇزغان بىزنى دەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكە شۇ زامان:

— ئەي باتۇر يىگىت، مەن ئوتقا باسقان ئاتامنى دەمتىم؟ قۇتقۇزغان سىلەرنى دەيمەن، — دەپ يىگىت تەرەپكە ئۆتۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن يىگىت پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ نۆكەرلىرىنى چېپىپ تاشلىماقچى بوپتۇ. يىگىتنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرگەن پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ بارلىق نۆكەر لەشكەرلىرى شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ، تاغقا بېرىپ ئۆڭكۈرلەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ 40 نەچچە كېچە-كۈندۈز شەھەرگە كىرمەپتۇ. بۇنى كۆرگەن بوزكۆرپەش دەرھال تاغقا بېرىپ بىر نەرە تارتىپ:

— پادىشاھ دەرھال ئالدىمغا چىقسۇن! — دەپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى:

— پادىشاھىم ئاغرىپ قالدى. چىقالمايدۇ، — دېگەن جاۋابنى بېرىپتۇ. يىگىتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەگەر پادىشاھ چىقالمىسا، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ، پادىشاھنى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرىنى قىرىپ تاشلايمەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ قورققانلىقىدىن تىترەپ، ئۆمىلەپ بوزكۆرپەشنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. يىگىت شۇ چاغدا:

— ئەي پادىشاھ! سەن مېنىڭ ئۇكامنى مۇساپىر

---

① مۇسۇن — مايسا-يېشىل ئوت.
② كۆرۈكچى — ئۆچكە تۇلۇمدىن تىكىلگەن شامالچى.
③ بىگىز — بارىنە-يەر تىرنىلايدىغان تىرناغا ئوخشاش نەرسە.

كۆرمەي قىزىڭنى بېرىپسەن، بۇ ياخشىلىقىڭغا نېمە قىلساممۇ ئازلىق قىلىدۇ، تويدىن كېيىن ئۇكامنى ئۆلتۈرۈشكە قەستلەپسەن، بۇنىڭغا مەنمۇ مۇۋاپىق چارە كۆرمىسەم بولمايدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ جاقىلداپ تىترەپ «ماڭا نېمە چارە كۆرەرسەن» دەپ تۇرۇپتۇ. بوز كۆرپەش دەرھال «جاللات» دەپ ۋارقىرىغانىكەن، پادىشاھنىڭ 40 كاللا كېسەر جاللىتى تەييار بولۇپتۇ. بوز كۆرپەش:

— دەرھال پادىشاھنى كۆتەر! — دەپتۇ. جاللاتلار بوزكۆرپەشنىڭ ئەپتىدىن قورقۇپ، پادىشاھنى دەس كۆتۈرۈپتۇ، — مانا ماۋۇ بىگىز - بارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇز، — دەپتۇ. جاللاتلار پادىشاھنى 40 مىڭ تىللىق بىگىز بارنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. بۇ بارنىڭ بىر تال تىغى پادىشاھنىڭ ئارقا سۆڭىكىدىن كىرىپ كانىيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن، بۇ تىغنى پادىشاھنىڭ تېنىدىن ئاجرىتىپ قويۇپتۇ ۋە:

— ئەمدى ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار، بۈگۈن بىز مۇشۇ شەھىرىڭدە قونىمىز، سەن بىر بىنا سالدۇرىسەن، ئۇ ئۆينىڭ تاملىرى ئالتۇندىن بولسۇن، ئىشىكلىرى سىرتىدىن ئېچىلمايدىغان بولسۇن، — دەپتۇ. بۇنىڭغا پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. لېكىن بارنىڭ تىغى تەگكەن يەر تېخى ئاغرىپ تۇرغانىكەن (ھازىر لوپنۇردا بەزى ئادەملەرنى — سەن توخۇ ئەت ئىكەنسەن! دەيدىكەن، بۇ ئەسلىدە شۇ چاغدىكى بارنىڭ تىغى تەگكەن يەر ئىكەن، شۇڭا بەزى ئادەملەردە ھازىرمۇ ساقلىنىپ قالغانىكەن)، پادىشاھنىڭ يامان نىيىتى ئۆزگەرمىگەچكە ئىشىك قويۇلمىسۇن دېسىمۇ لېكىن تۆڭلۈك قويۇپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىغا بىر يىلان قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇ زەھەرلىك يىلان تۆڭلۈك بىلەن چۈشۈپ، ئۇلارنى يەۋەتمەكچى ئىكەن، بۇنى سەزگەن بوز كۆرپەش، شۇ كېچە يانپاشلاپ، قىلىچنى قىپىدىن چىقىرىپ تەييار يېتىپتۇ. تۈن يېرىم بولغاندا باتۇرنى غاپىل ئۇيقۇ بېسىپتۇ. شۇ چاغدا بۇ زەھەرلىك يىلان كىنىزەم بىلەن مەلىكىنى چېقىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ ۋە پەسكە سىيرىلىپتۇ. بوزكۆرپەش چۆچۈپ ئويغانسا، يىلان چۈشۈۋاتقۇدەك، بۇنى كۆرۈپ قىلىچ بىلەن بىرلا چېپىپ بۇ زەھەرلىك يىلاننى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، لېكىن شۇ چاغدا يىلاننىڭ بىر تېمىم قېنى قىزنىڭ يۈزىگە چاچراپ كېتىپتۇ. ئۇكىسىنى ئويغىتاي دېسە ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بوزكۆرپەش قىزنىڭ يۈزىگە بىر پارچە داكا لاتىنى قويۇپ ئۇ زەھەرلىك قاننى شوراپ يەرگە تۈكۈرۈۋېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا كىنىزەم ئويغىنىپ كېتىپتۇ، بوز كۆرپەش كىنىزەمنىڭ باشقىچە ئويدا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىشنىڭ تېگىنى بىلدۈرمەكچى بوپتۇ.

— ئەي ئۇكام كىنىزەم، بۇ ئىشقا سەن باشقىچە ئويدا بولما، يېنىڭغا قارا! بۇ مۇناپىق پادىشاھ تۆڭلۈكتىن بىر زەھەرلىك يىلاننى كىرگۈزۈپ، بىزنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەككە قەست قىلىپتۇ. مەن ئازراق ئۇخلاپ قاپتىمەن، چۆچۈپ ئويغانسام بۇ يىلان سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا چۈشۈۋاتىدۇ، ئۇنى دەرھال چېپىپ تاشلىدىم، بىراق ئۇنىڭ بىر تامچە زەھەرلىك قېنى ئاياللىڭنىڭ يۈزىگە تېمىپ كەتتى، سېنى ئويغىتاي دېسەم ئۈلگۈرمەيدۇ، شۇڭا بىر پارچە داكىنى قويۇپ، ئۆزۈم شوراپ ئېلىۋەتتىم، — دەپتۇ.

بۇنى كۆرگەن كىنىزەم ئاكىسى بوزكۆرپەشنىڭ شۇنداق ساداقىتىدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپتۇ. ئۇلار ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ تاماق يەپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. پادىشاھمۇ ئۆيدىن چىقالماي ئولتۇرۇپتۇ. 40 مىڭ لەشكەرمۇ تاغدىن كېلەلمەپتۇ. كېيىن بۇ باتۇرلارنىڭ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ تاغدىن چۈشۈپتۇ. ئۇلار مۇشۇ يەردە تۇرۇۋەرسۇن، گەپنى بوركۆرپەش بىلەن كىنىزەمدىن ئاڭلايلى:

بۇلار يولغا راۋان بوپتۇ. بىر كۈن مېڭىپتۇ، ئىككى كۈن مېڭىپتۇ، ئۈچىنچى كۈنى مەلىكە ھېرىپ قاپتۇ. قىز ئاكىسىغا ۋە كىنىزەمگە پۈتنى كۆرسەتمەي تۇتۇپتۇ، بۇنى سەزگەن ئاكا - ئۇكا، بىر دەريا بويىغا بارغاندا خۇداغا نالە قىپتۇ: دەريادىن بىر ئېگەر - يۈگەنلىك ئارغىماق چىقىپتۇ. بۇنىڭغا مەلىكىنى مىندۈرۈپ يولغا راۋان بوپتۇ، ئۇلار ماڭا - ماڭا بەرنى تېغىغا يېقىن بارغاندا، بۇ ئىككىسىمۇ ھېرىپتۇ، بۇنى كۆرگەن مەلىكە:

— ھەي يىگىتلەر، ئاتنى مەن سۇغۇرۇپ كېلەي، — دەپ ئاتنى يېتىلەپ دەريا بويىغا مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا بوز كۆرپەش:

— ھەي مەلىكەم، سىز ئاتنى سۇغۇرۇشقا ئاپارسىڭىز، دەريا بويىغا بارغىچە يۈگىنىنى چىقىرىۋېلىڭ، — دەپتۇ. مەلىكە ماقۇل دەپ مېڭىپ «دەريا بويىغا بارغاندىلا چىقىراي» دەپ بىخۇدلۇق قىپتۇ. دەريا بويىغا بارغاندا يۈگەننى چىقىراي دېگۈچە، ئات مەلىكىنى سۆرەپ، دەريانىڭ ئوتتۇرىغا بېرىپ مەلىكىنىڭ قولىدىن ئاجراپ، دەرياغا كىرىپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بۇ ئۈچى ئۇلاغسىز قاپتۇ، لېكىن مەلىكە ناھايىتى تەمكىن قاپتۇ. بۇنى

سەزگەن بوز كۆرپەش:

ــ ئەي مەلىكە سىز تەڭلىك بولماڭ، بۇ ئاتمۇ بىزگە مۇشۇ دەريا بويىغىچە ھەمراھ ئىدى، ئەمدى مۇندىن نېرىسىغا ئۆزىمىز ماڭايلى، ــ دەپتۇ.

ئەتىسى مېڭىپ بەرنى تېغى ئىچىگە كىرىپتۇ. بەرنى تېغى ئىچىدە بۇلار 30 كۈن يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن، لېكىن بۇ تاغ ئىچىدە گەپ قىلىشقا بولمايدىكەن، كىم گەپ قىلسا، تاشقا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. شۇڭا بوز كۆرپەش بۇلارغا:

ــ بۇ بەرنىڭ تېغى ئىچىدە 30 كۈن ماڭىمىز، لېكىن قەتئىي گەپ قىلىشقا بولمايدۇ، كىم گەپ قىلسا تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ــ دەپ ئۇلار بىلەن پۈتۈشۈپ، بەرنى تېغى ئىچىدە 29 كۈن يول يۈرۈپتۇ، ھېچكىم گەپ قىلماپتۇ. 30 كۈنىمۇ بوپتۇ، ھېچكىم گەپ قىلماپتۇ. قىزغاققا ئاز قالغاندا قىز تۇيۇقسىز:

ــ ئەجەب ھېرىپ كەتتىمما! ــ دەپ قويۇپتۇ. بوز كۆرپەش ئۇچقاندەك كېلىپ قىزنى ئالدىغا ئىتتىرگەنىكەن ئۆلگۈرەلمەپتۇ، قىز يەرگە يىقىلىپ تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇكىسى ئايالىنىڭ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىپ راسا يىغلاشقا باشلاپتۇ. بوز كۆرپەش ئۇكىسىنىڭ ئاھ زارىغا چىدىماي:

ــ ئەي ئۇكام! يىغلىما، بىز ئارقىمىزغا يېنىپ تۆت ئاي يول يۈرەيلى، شۇ چاغدا مەلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز، ــ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىنىزەم:

ــ جېنىم ئاكا! ھېلىغۇ تۆت ئاي ئىكەن، تۆت يىل بولسىمۇ بارايلى! بۇ مەلىكە مېنىڭ جېنىم، ــ دەپتۇ.

ــ ئۇنداق بولسا ئاڭلاپ تۇر، بىز بىر ئاي تاغدا ماڭىمىز، ئۈچ ئاي تۈزلەڭدە ماڭىمىز، ئاندىن تەبى تېغىغا بارىمىز، ــ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەلىكىنى كۆتۈرۈپ بىر ئاي تاغدا، ئۈچ ئاي تۈزلەڭدە مېڭىپ، تۆت ئاي دېگەندە تەبى تېغىغا بېرىپتۇ. بۇ چاغدا قىز بىر ئەسنەپلا ئەسلىگە قايتىپتۇ.

ــ ئەي ئاكىلار، مەن ئەجەبمۇ ئۇخلاپتىمەن، سىلەر جاپا چەككەنسىلەر، ــ دەپتۇ. بۇ چاغدا بوز كۆرپەش:

ــ ئەي سىڭلىم! سىز ئۇخلىمىدىڭىز، ھېلىقى بەرنى تېغىدا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپ تاشقا ئايلىنىپ كەتتىڭىز، بىز سىزنى تۆت ئاي كۆتۈرۈپ، مانا بۇ تەبى تېغىغا ئەكىلىپ ئەسلىي زاتىڭىزغا كەلتۈردۇق. بىز ئەتە ئارقىمىزغا يانىمىز. ئەمدى سىز ھەرگىزمۇ گەپ قىلماڭ، ــ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارقىسىغا يېنىپ تۆت ئاي يول يۈرۈپ تاغدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار يەنە 30 كۈن يۈرۈپ بەرنى تېغىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، مەلىكە ئۇلارغا بىر مەسلىھەت بېرىپتۇ:

ــ ئەي ئاكىلار، بىز مۇشۇ يەرگە بىر ئوتاق قۇرۇپ تەبى تېغى بىلەن بەرنى تېغىدىن كەلگەن مۇساپىرلاردىن بىر يۇرت ھاسىل قىلايلى، بۇ يۇرتقا چوڭ ئاكام بوزكۆرپەش پادىشاھ بولسۇن، سىز ئۇنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بولۇڭ، مەن سول قول ۋەزىرى بولاي، ــ دەپتۇ. بۇنىڭغا ئۇلار ماقۇل بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇدادىن تىلەپ بىر كېچىدىلا بۇ يەرگە شەھەر بىنا قىپتۇ. بىر قانچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئارىدا ئاكىسى بوزكۆرپەش ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. كىنىزەم بىلەن مەلىكە بۇ شەھەردە يالغۇز قاپتۇ، كېيىن كىنىزەمنىڭ ئايالى قىز تۇغۇپتۇ. قىزنىڭ ئىسمىنى نېمە قويۇش مەسىلىسىدە تالاش-تارتىش قىلىپ ئىسمىنى كۈنسۇن قويۇپتۇ، ئارىلىقتىن بىر قانچە يىل ئۆتۈپتۇ، كىنىزەمنىڭ مەلىكىسىمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ كىنىزەم بىلەن قىزى كۈنسۇن يالغۇز قاپتۇ. ئەمدى گەپنى قىزدىن ئاڭلايلى:

بۇ قىز بىر خىسلەتلىك قىز بولۇپ يېتىلىپتۇ. بالاغەتكە يېتىپتۇ. لېكىن كىمكى بۇ قىزنى ئالىمەن دەپ كەلگەندە، قىزنىڭ ئىسمىنى كۈنسۇن دەپ قىچقارغاندا، «سەن كىمسەن» دېسىلا، شۇ يىگىت دەرھال تاشقا ئايلىنىپ كېتىدىكەن. بۇنىڭغا پادىشاھمۇ ئامال قىلالماپتۇ، ئۇ قىزنىڭ ئاپىسى كۇپار، دادىسى مۇسۇلمان ئىكەن، شۇڭا بۇ پادىشاھمۇ ھەر ئىككى تەرەپكە زىيان سالماي، ئىككى يول تۇرۇپ شەھەر سوراپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ كىنىزەم 90 ياشلارغا بېرىپ قاپتۇ، ھەرگىزمۇ ئۆيلەنمەپتۇ. بىر كۈنى كەچتە ئولتۇرۇپ: «مەن ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتسەم، ئانىسى يوق قىزىم يالغۇز قېلىپ، سەرگەردانلىقتا قالىدىغان بولدى» دەپ خىيال سۈرۈپتۇ. لېكىن كۈنسۇن شۇنداق ئەقىللىق قىز ئىكەن. ئۇ بۇيىزى ئالتە ئايلىق، ئۇيىزى ئالتە ئايلىق يەردىكى ئىشلارنى بىلىپ تۇرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ئاتا-بالا ئىككىسى بىر-بىرىگە ئىناق بولۇپ، بۇ شەھەرنى گۈللەندۈرۈپ، قىزنى دەپ كەلگەن نەچچە مىڭ يىگىتنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ ھازىرغىچە ياشاپ كەپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تارىم يېزا قۇربانكۆل كەنتىدىن قۇربان قاسىم

خاتىرىلىگۈچى: مەدەنىيەت يۇرتىدىن توختى جامال



# ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىم مەدەنىيىتىدە تەلپەكنىڭ بارلىققا كېلىشى



مۇھەممەد سېلىم مۇھەممەد قاسىم

قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇيغۇرلاردا تولىمۇ بالدۇر راۋاج تاپقان بولۇپ، بۇ جەھەتتە بىزنى تارىخچى ۋە ئارخېئولوگلىرىمىز مول بولغان تارىخىي ئۇچۇرلار ۋە مۇستەھكەم تارىخىي پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنى يىراققا كۆز تىكسەك ئاپتونوم رايونىمىزدا قوغدىلىۋاتقان بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىكى مىلادى 2 - ، 3 - ئەسىرلەرگە تەۋە بولغان بىر قىسىم تېپىندىلار ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. جۈملىدىن تەلپەكچىلىك (تۇماقچىلىق) ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تارىخىي سەمەرىسىنى نامايان قىلىدىغان يەنە بىر تۈر بولۇپ، ئۇ مىللىتىمىزنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق، بېزەكچىلىك، نەققاشچىلىق، تىكىمچىلىك، مىمارچىلىق، بىناكارلىق، قىرىمچىلىق، كەشتىچىلىك، ياغاچچىلىق، كۇلالچىلىق، زەرگەرچىلىك قاتارلىق رەڭگارەڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەنئەنىمىز ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ يەردە بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ باش كىيىمىمىز بولغان تەلپەكچىلىك تارىخىنى چوڭقۇر شەرھلەش ئارقىلىق، يىراق تارىختا بارلىققا كەلتۈرگەن چارۋىچىلىق ۋە يايلاقچىلىق مەدەنىيىتى ھەققىدە مۇئەييەن ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلەيمىز.

ئوغۇزنامە داستانىدا ئوغۇزخاننىڭ ئوقيا ئېتىشقا ماھىرلىقى تىلغا ئېلىنىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋردە ئوۋچىلىققا ماھىر خەلق ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بىز بۇ ئۇچۇردىن بىمالال ھالدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئوۋچىلىقتىن كۆچمەن چارۋىچىلىققا كۆچۈپ، بىپايان يايلاقلاردا يايلاق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ چارۋىلاردىن، جۈملىدىن قوي، ئۆچكە ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن پايدىلىنىپ، كىيىنىشتە يېڭىلىققا كۆچكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. دەرۋەقە مىلادى 552 - يىلى كۆكتۈرك خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەجدادلىرىمىزدا چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇردى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى جەھەتتىن

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشچان، باتۇر ۋە مېھنەتسۆيەرلىك سۈپىتىگە ماس ھالدا، ئەقىل - پاراسىتىنى ھەققىي يوسۇندا جارى قىلدۇرۇپ، يىراق تارىختىن باشلاپ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك كەسىپلىرىنى كامالىغا يەتكۈزگەنگە ئوخشاش، رەڭدار قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن ھەمدە بۇ ساھەدە كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان ئاجايىپ مول مىللىي مىراسلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۇلاپ كەلگەن. مەيلى يېقىنقى زامان تارىخىمىزنى، مەيلى قەدىمكى زامان تارىخىمىزنى ۋاراقلىمايلى، ھەر ئىككىلىسىدە بىزنىڭ يۈزىمىزنى يورۇق قىلىپ، ئەجدادلىرىمىزنى چەكسىز سۆيۈندۈرۈپ كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرىدىغىنى يەنىلا رەڭگارەڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك مىراسلىرىمىزدۇر.

ئېيتقاندىمۇ ئەينى دەۋردىكى كىشلەر چارۋا ماللاردىن
ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. يەنى تېرە مەھسۇلاتلىرىدىن كىيىم
كىيىش كۆلەملىشىپ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن.
كۆكتۈرك خانلىقى تالڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاند-
ىن كېيىن، مىلادى 745 - يىللىرى يېنسەي دەرياسى ۋا-
دىسىدا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلدى، خانلىق مەز-
گىلدە ئاساسلىق ئىگىلىك شەكلى ئالدىنقى خانلىققا ئوخ-
شاشلا، چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ،
دېھقانچىلىقنى قوشۇمچە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن كىشلەرنىڭ
تەبىئەت كۆكسىدىكى ھاياتلىق پائالىيىتى چارۋىدىن ئايرى-
لالمايدىغان بولدى، قىسقىسى چارۋا مەھسۇلاتلىرى
ئۇلارنىڭ ھاياتلىقنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ئاساسلىق ئا-
مىلغا ئايلاندى. يەنە ئۇلارنىڭ تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك بالايە-
ئاپەتلىرى بىلەن قەرەللىك يۈز بېرىپ تۇرىدىغان يېغىلىق،
ئۇرۇشلاردا چارۋىلارنىڭ تېرىسىدىن پىششقلاپ ئىشلەن-
گەن جابدۇقلارنى ئىشلىتىشى كۆلەملىشىپ يېڭى تەرەققى-
ياتلارغا ئېرىشتى. تالڭ دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئەدىب خې
چاۋ «ئۇيغۇر قىزغا بېغشلاپ» دېگەن شېئىرىدا:

باش باھار مەيخانىسىدا ئولتۇرار ئۇيغۇر قىزى،
قولىدا پەيتارى چالغۇ تۇن ئارا چاڭ - چاڭ قىلىپ.
سۇس قىراۋ بولسىمۇ ئۈستىدە بولغۇن جۇۋا،
قىپقىزىل شىرداق ئۈستىگە ئاي نۇرى شۇلا چېچىپ.

دېگەن مىسرالارنى يېزىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تالڭ
سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىكى
كامالىتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ كىيىنىش جەھەتتىكى
ئۆزگىچىلىكىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىق ھايۋاند-
لارنىڭ تېرىسىدىن كىيىم كىيىشتىن ئىبارەت ئەنئەنە خاسلى-
قىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. دەۋرلەر ئالمىشىپ قارا-
خانىلار خاندانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ
چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ، ئەجداد-
لىرىمىزنىڭ ساپ چارۋىچى مىللەتلىك ئورنى مۇستەھكەم-
لەندى. ئەينى دەۋردە شىمالدىكى بىپايان يايلاقلاردىن
باشلاپ، كەڭ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيا چولڭ قۇرۇقلۇقىدا
ئەجدادلىرىمىزنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ
بارغانسېرى قۇدرەت تېپىۋاتقانلىقى، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر-
لارنىڭ شانۇ - شەۋكىتىنى ئەتراپقا تارقاتقانلىقى مۇنازىرە
تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتتۇر. مانا مۇشۇ چولڭ يۇرۇش ۋە
گۈللەنگەن ئىگىلىكىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يەنىلا
چارۋا ئىدى، ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي دەۋردىن باشلاپلا
بىپايان يايلاقلاردا، ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئاساسىي
كەسىپ قىلىپ ياشاپ كەلگەچكە، چارۋىلارنىڭ ھەر بىر
تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى تاشقى ئەزالىرىنىڭ ئالاھە-
دىلىكلىرى ئۇلارغا تولىمۇ تونۇش بولۇپ كەلگەن. جۈمە-
لىدىن ئۇلار چارۋىلارنى ئوزۇقلۇق كاپالىتى قىلىپلا قال-
ماستىن، بەلكى چارۋىلارنىڭ تېرە، ئۇستىخان ۋە باشقا
ئەزالىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى تەدرىجىي بارلىققا كەل-
تۈرگەن. يەنى چارۋىلارنىڭ ئۇستىخانلىرىدا تۈرلۈك
تۈرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياسىغان بولسا، تېرە ۋە ئۇۋ-
چەيدىن ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئات، تۆگە، قوتاز قا-
تارلىق چارۋىلارنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىنى ياسىغان، كې-
يىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە ئۇرۇش يېغىلقلارنىڭ يۈز
بېرىشى، خانلىقلار ئارىسىدىكى نىزالارنىڭ كۆپىيىشى
بىلەن قەرەللىك يۈز بېرىۋاتقان كۆپ قوشۇنلۇق ئۇرۇش-
لاردا نۆۋكەرلەرنى قالقان ساداق ۋە ئوقيا، قىلىچلارنىڭ
زەربىسىدىن مۇداپىئە قىلىدىغان كىيىم - كېچەكلەر چارۋى-
لارنىڭ تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆن ۋە چەملەردىن ياسال-
غاندىن باشقا، تېرىلەردىن ئېلىنغان موي (يۇڭ) لاردىن پاي-
دىلىنىپ كىگىز، پىيما، گىلەم، پايتىما، جۇۋا، تەلپەك ۋە
باشقا يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرىنى ئىشلەش بارلىققا كەلدى.
بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ئىچىدە جۇۋا، تەلپەك، كىگىز قاتار-
لىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ
پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىگە
قوشقان ئالاھىدە تۆھپىسى بولۇپ قالدى، قىسقىسى يۇقى-
رىقى مەھسۇلاتلار ئۇيغۇرلاردا باشقىلارغا قارىغاندا تولىمۇ
بالدۇر بارلىققا كەلدى ھەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى
بىلەن ئۇيغۇر ئېلىدىن ئەتراپتىكى ئەللەرگە يىپەك يولى
ئارقىلىق تارقىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆزىنى ئاچتى. قوي تې-
رىسىنى يەرلىك ئۇسۇلدا ئاشلاپ، ئەيلەپ تىكىلگەن جۇۋا
ياۋروپانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە يېتىپ بېرىپ كۆپنىڭ
كۆزلىرىنى قاماشتۇرغان بولسا، قوي تېرىسى، قوي قوزد-
سىنىڭ كۆرپىسىدىن تىكىلگەن تەلپەك، تۇماقلار، كالا،
ئاتلارنىڭ تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆن، چەم ۋە خۇرۇم-
لار شەرق، غەرب ئەللىرىگىچە يېتىپ بېرىپ، جۇش
ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ
كارامىتىنى نامايان قىلدى. قەشقەر، خوتەن، تۇرپان،
كۇچا قاتارلىق ئورۇنلاردىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنا

لىرى، جۈملىدىن مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە قېزىۋېلىنغان مىلادى 3 - ئەسىردىن، مىلادى 9 - ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان بىر قىسىم يۇڭ توقۇلما، گىلەم، توقۇلما گىلەم (جاۋا)، كىيىم - كېچەك، باش كىيىملىرى، كوسەي، چۇرۇق، ئۆتۈك، پىيما، تۇلۇم قاتارلىق تېپىندىلار بىزنىڭ يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئاساس قىلغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئەنئەنىسى تارىختىن بۇيان ئۈزۈلمەس ئېقىنغا ئوخشاش داۋام قىلىپ، بۈگۈنگە ئۇلاشقىچە، بىر نەچچە قېتىملىق ئىسلاھات ۋە تارىخىي يۈكسىلىشلەرگە شاھىت بولغان. تەلپەك ۋە تۇماقچىلىق يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئەنئەنىۋى قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان باش كىيىمى بولۇپ، ئۇ نۇسخا ۋە تۈر جەھەتتىن كۆپ ۋە سۆلكەتلىك، سىپتا تىكىلىدۇ. بۇ خىلدىكى باش كىيىمنىڭ ئەر - ئايال، بالىلارنىڭ، شۇنداقلا ھەر بىر كىشىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۆزىگە خاس بولغان نۇسخا ۋە شەكىللىرى بار بولۇپ، بۇ ھالەت ئۇيغۇرلاردا باش كىيىمنىڭ رەڭگارەڭلىكىنى، كۆپ خىللىقىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. دېمەك بىز چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە بىر قىسىم ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدە تىكىلىدىغان باش كىيىملىرىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق تارىختىكى شەۋكەتلىك بولغان چارۋا ۋە يايلاقچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ يارقىن نامايەندىسى دېسەك خاتالاشمايمىز، شۇنداقلا ئۇنى ئۇيغۇر باش كىيىم مەدەنىيىتىمىزنىڭ جۇلاسى دېيىشكە ھەقلىقمىز.

### ئۇيغۇرلاردا تەلپەكچىلىكنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

تەلپەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئاساسلىق باش كىيىمنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تەلپەك قوي تېرىسى، تۈلكە، سۇلەيسۇن، قاما، قوزا، قۇندۇز، سۇسەر، تىيىن قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئاشلاپ، ئەيلەپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ماتېرىياللاردىن تىكىلىدۇ. ئۇ نۇسخا جەھەتتىن كەمچەت (قاسقانلىق) تۇماق، كۇلا تۇماق، پىپى تۇماق ھەم سالۋا تۇماق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇ كۆرۈنۈشى سۆلكەتلىك، تىكىلىشى سىپتا، يارىشىملىق باش كىيىمى بولۇشتىن باشقا، مۇھىمى قىش كۈنلىرى باشنى سوغۇقتىن مۇداپىئە قىلىش، تومۇز كۈنلىرى باشقا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن چەكلەش قاتارلىق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئۇ يىراق تارىختىن باشلاپ ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئاساسلىق باش كىيىمى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئاز بىر قىسمى بارا - بارا شاللىنىپ قالدى. ھازىرغىچە كىيىش داۋاملىشىپ كەلگىنى تۈرلۈك قاما بىلەن قوينىڭ تېرىسى ۋە تۇغۇلغىلى بىر نەچچە كۈن بولغان قوينىڭ قوزىسىنىڭ كۆرپىسىدە تىكىلىدىغان تەلپەك بولۇپ، ئۇنى كىيىش ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدا يەنى يېڭىسار، يەكەن، پوسكام، قاغىلىق، خوتەن، چەرچەن قاتارلىق جايلاردا ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئورۇنلاردىكى ئەرلەرنىڭ يىراق ئەجدادلىرىدىن باشلاپ بىردىنبىر باش كىيىمى بولۇپ كېلىشىدە مۇھىم تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش بار. تەلپەكنىڭ تارىخى توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى قۇياش ئېتىقادچىلىقى دەۋرى، تاغنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ئاساسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن يايلاق ۋە بوستانلىق مەدەنىيىتى توغرىسىدا سۆز ئاچماي بولمايدۇ. مەلۇمكى ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا، ھازىرقى بايقال كۆلىنىڭ بويلىرى، ئالتاي تاغلىرى، بالقاش ۋە ئارال كۆللىرىنىڭ بويلىرىغىچە بولغان بىپايان زېمىنلاردا ياشاپ، ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق دەۋرىدىن كۆلەملەشكەن چارۋىچىلىق دەۋرىگە كىرىپ كەلگەن. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتى بىلەن يايلاقچىلىق مەدەنىيىتى، تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش جەريانلىرى بىر - بىرسىنى شەرت ۋە تەقەززا قىلغان ئالاھىدە جەرياندۇر، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئەتراپىدىكى باشقا قوۋملارنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. دەرۋەقە ئەجدادلىرىمىز ئەڭ قەدىمدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەن بولۇپ ئۇنى ئۆز ئارا كېڭەيتكەن. جۈملىدىن ئۇلار ئوۋ غەنىيمەتلىرى بىلەن چارۋا ماللارنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن ئېلىنغان تېرىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى

تەدرىجىي بارلىققا كەلتۈرۈپ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى مۇ-
ئەييەن كۆلەمگە ئىگە قىلغان. بۇ خىل ئىپتىدائىي ئىگىلىك-
نىڭ تەرەققىي قىلىشى تېرىدىن تىكىلگەن چاپان، ئىشتان،
پايپاق، تەلپەك، تۇماق قاتارلىق كىيىملەرنىڭ خىلمۇخىل
شەكىل ۋە تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بىزنىڭ بىر
قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىز ھازىرغىچە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تې-
رىدىن تىكىلگەن تۈرلۈك كىيىملەرنى كىيىش دەۋرىنىڭ،
ئېنىق يىل دەۋرى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلارنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. بەزىلەر ئۇنى مىلادىدىن ئىلگە-
رىكى تولىمۇ يىراق دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن دەپ قا-
رىسا، يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىز ئۇنىڭ مىلادىدىن
كېيىنكى، ھېچ بولمىغاندا شىنجاڭغا ئىسلام دىنى تارقالغان
10 ـ ئەسىرلەردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن دەپ قارىماقتا.
لېكىن بىز بۇ يەردە يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراشنىڭ بىرد-
نى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىلگىرى، تۆۋەندىكى پاكىتقا نە-
زەرىمىزنى ئاغدۇرساق مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ، يەنى ئار-
خېئولوگلىرىمىز مەشھۇر كرووران قەدىمكى شەھەر خارابى-
سىدىن قېزىۋېلىپ، يۇقىرى تېخنىكا ئارقىلىق قىياسەن
ئەسلىگە كەلتۈرگەن كرووران گۈزىلىنىڭ بەدىنىنىڭ يۇك
رەخت بىلەن ئورالغانلىقىنى، بېشىغا قۇش پېيى قادالغان
ئۇچلۇق مالخاي (كىگىزدىن ئىشلەنگەن) پۇتىغا ئاشلانغان
تېرىدىن تىكىلگەن ئاياغ كىيگۈزۈلگەن قىياپىتىنى كۆز ئال-
دىمىزدىن ئۆتكۈزسەك، دىققىتىمىز دەرھال كرووران گۈزە-
لىنىڭ پۇتىغا كىيگۈزۈلگەن ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن
ئاياغقا مەركەزلىشىدۇ. بىز بۇ پاكىتتىن شۇنى ئېنىق چۈشە-
نەلەيمىزكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك چارۋا مەھسۇلات-
لىرىدىن پايدىلىنىش تارىخى، بۇنىڭدىن 3000 نەچچە يۇز
يىل ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە چېتىلىدۇ. دەرۋەقە ئىنسانلار-
نىڭ چارۋىلارنىڭ موييدىن (يۇڭى)دىن پايدىلىنىش تارد-
خى بىلەن چارۋىلارنىڭ تېرىسىدىن پايدىلىنىش تارىخىنىڭ
ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئارىلىق بار، كونكرېتنى ئېيتقاندا
كىشلەرنىڭ چارۋىلارنىڭ موييدىن (يۇڭى)دىن پايدىلىنىش
تارىخى ئۇنىڭ تېرىسىدىن پايدىلىنىش تارىخىدىن ئىلگىرى
بولۇپ، ئۇ بىر قىسىم ئارخېئولوگىيەلىك تېپىندىلاردا
ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. جۈملىدىن كرووران گۈزىلىنىڭ بېشىدد-
كى كىگىز قالپاقنىڭ تارىخى ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئاشلانغان
تېرىدىن تىكىلگەن ئاياغنىڭ تارىخىدىن ئىلگىرىدۇر. يەنى
ئەجدادلىرىمىز قوينىڭ يۇڭىدىن كىگىز، گىلەم ئىشلەپچىقى-
رىشنى باشلاپ، خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن قوي،
كالا، ئات، قوتاز قاتارلىق چارۋىلارنىڭ تېرىسىنى
ئاشلاپ، ئەيلەپ ئىشلەپ، تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك لازىمەت-
لىكلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بىز بۇ قارىشىمىزنى كرووران
گۈزىلىنىڭ بېشىدىكى كىگىز قالپاق بىلەن پۇتىدىكى ئاشلاند-
غان تېرىدە تىكىلگەن ئاياغقا تەتبىقلاپ مۇھاكىمە قىلساق
شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ باش كىيىمى
ئەڭ بۇرۇن كىگىز بىلەن مالخاي شەكلىدە تىكىلگەن
بولۇپ، كېيىن ئۇ كۇلا شەكلىگە ئۆزگەرگەن. ئاخىرىدا
تارىم ۋادىسىنى مەركەز قىلىپ ياشاۋاتقان ئەجدادلىرىمىز
قوينىڭ ئاشلانغان تېرىسىدىن تىكى-
لىدىغان تەلپەك (تۇماق)نى بارلىققا
كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئەتراپتىكى قوۋمە-
لارغا كەڭ دائىرىدە تارقاتقان.
دېمەك، ئۇيغۇرلاردا باش كىيىمى
بولغان تەلپەك (تۇماق)نىڭ تارىخي
تەرەققىياتى يۇقىرىقى بىر قاتار جەر-
يانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۈگۈنكى
تەرەققىي قىلغان، گۈللەنگەن
دەۋرگە يېتىپ كەلگەن.



**ئەنئەنىۋى باش كىيىمى تەلپەك ۋە تۇماقنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى**

مەلۇمكى ئەجدادلىرىمىز يىراق تارىختىن باشلانغان ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە، ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىقلىم، پەسىللەرگە ماسلىشىش ئالاھىدىلىكى بىلەن جىسمانىيىتىدىكى ئېھتىياج تەلىپىنى قامداشنى مەقسەت قىلغان ھالدا، ئۆزلىرىگە خاس بولغان كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. تەلپەك، تۇماق، بۆك قاتارلىق باش كىيىملىرى ئەنە شۇ ئۆزگىچە باش كىيىملىرىنىڭ ئىچىدە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتقان قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىدۇر، مۇشۇ تارىخىي يۈكسىلىش نۆۋەتتە بىزنىڭ باش كىيىم مەدەنىيىتىمىزنى تولىمۇ رەڭدار تەرەققىياتلار قوينىغا باشلاپ كەلگەن، دەرۋەقە ھازىر ئەرچە يازلىق ۋە قىشلىق، كۈزلۈك باش كىيىملىرىنىڭ تۈرى 20 نەچچە خىلدىن، نۇسخىسى 50 خىلدىن، ئايالچە قىشلىق، يازلىق باش كىيىمنىڭ تۈرى 50 نەچچە خىلدىن، شەكلى 100 نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ، بالىلارنىڭ باش كىيىمنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرىقىلاردىن ھەرگىزمۇ كەم ئەمەس ئەلۋەتتە. ئۇيغۇرلاردا باش كىيىملىرى پەسىل ئالاھىدىلىكى بويىچە يازلىق، قىشلىق، كۈزلۈك قاتارلىق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنگەن، يازلىق باش كىيىملىرى شىنجاڭنىڭ ياز پەسلىدىكى ئىسسىق، قۇرغاق مۇھىتىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ، قاتۇرما شەكلىدە تىكىلگەن بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلاپ سالقىنلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. قىشلىق باش كىيىملىرى تۈرلۈك قاملاردا قاسقان ۋە تۆپىلىكلىرى كىگىز، قوي يۇڭى، چىگە ۋە باشقا ماتېرىياللاردا سوغۇق ئۆتمەيدىغان دەرىجىدە قاتۇرۇلۇپ تىكىلىدۇ. كۈزلۈك باش كىيىملىرى قىشلىق باش كىيىملىرىگە قارىغاندا بىر قەدەر نېپىزرەك، يازلىق باش كىيىملىرىگە قارىغاندا بىر قەدەر قېلىنراق تىكىلىپ پەسلىگە ماسلاشتۇرۇلىدۇ. پەسلىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ تىكىلىدىغان يۇقىرىقى ئۈچ خىل باش كىيىمنىڭ ئۆز ئالدىغا خاس بولغان ئالاھىدىلىكى بار، يەنى قىشلىق باش كىيىمى بولغان تۇماق ۋە تەلپەك قوينىڭ ئاشلانغان تېرىسى، قوينىڭ تۇغۇلغىلى 20 كۈندىن تۆۋەن بولغان قوزىسىنىڭ كۆرپىسى ھەم تۈرلۈك قاما، سەرگەز، ساقالۇت، شەيتان تېرىسى، سىلىك، دۇخاۋا، مەخمەل قاتارلىق ماتېرىياللاردىن تىكىلىدۇ، يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ماتېرىياللار تارىختا ئەجدادلىرىمىز ئۆز تۇرمۇشىدا ئەتىۋارلاپ كەلگەن، مۇئەييەنداقچە ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن يېقىن بولغان پاكىز ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىنىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىن ساپ چارۋىچى مىللەتلىك ئورنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، قىشلىق باش كىيىمى بولغان تۇماق قوينىڭ تېرىسى ھەم قوزىنىڭ كۆرپىسىدىن تىكىلىدىغان باش كىيىمى تەلپەككە قارىغاندا چىرايلىق، سۆلكەتلىك بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۇ قىش كۈنلىرى باشقا سوغۇق ئۆتكۈزمەيدۇ. قۇلاقچىسى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قۇلىقىنىڭ سوغۇق ئۆتۈپ، ئۇششۇپ قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، مەدەنىي، زامانغا ماس بولۇپ ھەر قانداق ياشتىكى كىشىلەرنىڭ كىيىشىگە باب كېلىدۇ، تۇماقنىڭ تۈرلىرى، خىللىرى كۆپ بولۇپ، ئۇ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان باش كىيىملىرىمىزنىڭ ئىچىدە تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان باش كىيىمى ھېسابلىنىدۇ، تۇماق نۆۋەتتە ئۇنى تىكىشكە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، كونكرېت ئېيتقاندا تۇماقنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى بولغان قامنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئون نەچچە خىلغا، شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ يەنە بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدۇ، ھەر بىرسىنىڭ گۈزەللىك ھەم ئەنئەنۋىلىك، پايدىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بار.

قوينىڭ تېرىسى ۋە قوي قوزىسىنىڭ كۆرپىسىدە تىكىلىدىغان باش كىيىمى بولغان تەلپەك بولسا، تارىخى تۇماقتىن ئىلگىرى، شەكلى كۆپ خىل، ئەنئەنىۋى باش كىيىمدۇر، تەلپەك ئۇيغۇر ئەرلىرىنى ھەيۋەتلىك، باتۇر، قەيسەر كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى چارۋىدىن ئېلىنىدۇ، تىكىلىشى سىپتا، يارىشىملىقتۇر، تەلپەكنىڭ قىشلىقتا سوغۇقنى، يازلىقتا ئىسسىقنى باشقا ئۆتكۈزمەيدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بار، دەرۋەقە ئەجدادلىرىمىز ئۆز تارىخىدا قوي تېرىسىنىڭ ئىسسىقنى ئۆتكۈزمەسلىك ئالاھىدىلىكىنى ناھايىتى بۇرۇنلا بايقىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ خىل ئالاھىدىلىكتىن ئۆز تۇرمۇشلىرىدا ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. جۈملىدىن ئۇلار قوي تېرىسىنى ئاشلاپ، ئۇنىڭدا تەبىئىي توڭلاتقۇ، يەنى يازلىقتا گۆشنى بىر نەچچە كۈن تەبىئىي ساقلايدىغان تېرە يوتقاننى بارلىققا كەلتۈرگەن، پېشقەدەملەرنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە تومۇز ئىسسىق

MIRAS

كۆنلەردە بۇ خىلدىكى يوتقانغا گۆشنى يۆگەپ قويسا
گۆش بىر نەچچە كۈنگىچە بۇزۇلمايدىكەن. بۇ قوي تېرى-
سىنىڭ ئىسسىقنى ئۆتكۈزمەسلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ مەھسۇ-
لىدۇر. بۇ خىل يوتقان ئۆتكەن ئۇزاق زامانلارغىچە
مەۋجۇت بولۇپ، كېيىن كىشىلەرنىڭ قوي تېرىسىدە جۇۋا
تىكىپ كىيىش ئادىتى كۆلەملەشكەندىن كېيىن تەدرىجىي
ئىشلىتىشتىن قالغان، يەنى ئۇنىڭ ئورنىنى جۇۋا ئىگىلەپ،
كىشىلەر جۇۋىنى ئاشۇ تېرە يوتقاننىڭ ئورنىدا ئىشلەت-
كەن، بۇ خىل ئادەت ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بو-
لۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا جۇۋىدا
گۆش ساقلاش ئادىتى ئۇدۇملىشىپ كەتكەن بولۇپ،
ئۇلار جۇۋىنى قىشلىقتا ئۇستىگە كىيسە، يازلىقتا دېگۈدەك
گۆش قاتارلىق ئاسان چىرىيدىغان يېمەكلىكلەرنى ساقلاش-
قا ئىشلىتىدۇ. دەرۋەقە مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئاسا-
سەن جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ چىرا، كېرىيە، نىيە،
چەرچەن، چاقىلىق قاتارلىق ناھىيەلىرىدىكى ئەرلەر تەل-
پەكنى يازلىقتىمۇ بەھۇزۇر كىيىدۇ. تەلپەك ۋە تۇماقنىڭ
ئۆتكەن ئەسىرلەردىكى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى ئۇستۇن-
لۈك، يەنى زەردارلىق نۇسرىتى ھازىرمۇ يوقالغىنى يوق.
كونكرېت ئېيتساق ئۆتكەن دەۋرلەردە ھازىر ئادەتتىكى
كىشىلەرمۇ كىيۋاتقان ھەر خىل نۇسخىدىكى تەلپەك ۋە
تۇماقلارنى جەمئىيەتتىكى ئاز بىر قىسىم ئىمتىيازلىق كىشى-
لەرلا كىيەلىگەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئادەتتىكى كىشىلەر-
نىڭ تەلپەك، تۇماق قاتارلىق باش كىيىملىرىنى بىمالال
كىيىشى ئاسانغا چۈشمىگەن، بىزنىڭ بۇ پەرىزىمىزنى كى-
شىلەرنىڭ سەللە تەلپىكىنى «مەخسۇم تەلپىكى»، «بەگ
تەلپىكى» ھەتتا نۆۋەتتە قاسقىنى ئوتتۇراھال، بويى يېگى-
سار تەلپىكىدەك ئېگىزرەك تىكىلگەن كۆرپە تەلپەكنى يې-
ڭىياچە «سېكرېتار تەلپىكى»، يەنە بىر تۈرىنى «سەرپۇش
تەلپەك» دەپ ئاتىغىنىغا ئوخشاش، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرد-
سىدىكى دەرىجىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاپ
كېلىۋاتقانلىقىنى مۇنازىرىسىز ئىسپاتلايدۇ. ھازىرقى جەنۇ-
بىي شىنجاڭدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان تويلاردا قىز تەرەپنىڭ يە-
گىتكە تەلپەك، تۇماق سوۋغا قىلىشىدەك ئەنئەنىسىدىنمۇ
يۇقىرىقى مەقسەتنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. قىسقىسى
تەلپەك بىلەن تۇماق ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا باشقا كىيىم -
كېچەكلەرگە ئوخشاشلا ئەتىۋارلىق بولۇپ، بۇ خىل ئادەت-
كە، تەلپەك بىلەن تۇماقتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى قول ھۈ-
نەرۋەنچىلىكنىڭ يارقىن نامايەندىسى سەۋەب بولغان.

### تەلپەكنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتى

تەلپەكنىڭ كىتابىمىزنىڭ كىرىش سۆزىدە تىلغا ئېلىپ
ئۆتكىنىمىزدەك ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ
يىراق تارىختىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا،
ئۇلارنىڭ باش كىيىمگە بولغان زۆرۈر ئېھتىياجىنى
چىقىش قىلغان ئاساستا ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي باش كىيىمى-
دىن تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ كې-
يىنكى دەۋرلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، تولۇقلىنىپ، تە-
رەققىي قىلىپ بۈگۈنكى گۈللەنگەن دەۋرىگە ئۇلاشتى.
نۆۋەتتە باش كىيىم ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئىشلە-
تىلگەن ماتېرىياللىرى، نۇسخىلىرى ھەمدە يېڭىلانغان شە-
كىللىرى ئەڭ كۆپ بولغان تۈر بولۇپ، ئۇ يازلىق باش
كىيىملىرى، قىشلىق باش كىيىملىرى ۋە كۈزلۈك باش كى-
يىملىرى قاتارلىق ئۈچ تۈر بويىچە شەكىل جەھەتتىن 100
خىلدىن ئاشتى. جۈملىدىن قولى چېۋەر باش كىيىم ئۇستى-
لىرىنىڭ خىلمۇخىل پاسوندا تىكىپ، بازارغا سالغان باش
كىيىملىرى، نۆۋەتتە مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە تەۋە بولغان
مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا
بىزنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن
تەمىنلەيدۇ. بىز كىتابىمىزنىڭ تېما خاراكتېرىنى نەزەرگە
ئېلىپ مەخسۇس ئۇيغۇرلارنىڭ قىشلىق باش كىيىمى
بولغان تەلپەك توغرىسىدىلا توختىلىمىز. مەلۇمكى تەلپەك
تارىم ۋادىسىدا ياشىغۇچى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىردىنبىر
قىشلىق باش كىيىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخىي تە-
رەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تولۇقلىنىپ
كەلدى. ھازىر بىز قىشلىق ۋە كۈزلۈك باش كىيىم ساھە-
سىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ رەڭ، نۇسخا،
شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللىشىپلا قالماستىن، بەلكى يېڭى-
دىن بارلىققا كېلىپ سەپكە قېتىلىۋاتقان تۈرلەرنىڭمۇ ئاز
ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز. دەرۋەقە ئەڭ دەسلەپتە ‹كۇلاھى
جەندە› دەپ ئاتىلىدىغان ئەڭ ئىپتىدائىي باش كىيىمدىن
ئۆزگىرىپ بارلىققا كەلگەن تەلپەكنىڭ ئۆتكەن ئەسىرلەر-
دىكى تەرەققىياتى تولىمۇ تېز بولدى دېيىشكە بولىدۇ.

مەزكۇر يازمىمىزنىڭ مەزمۇن تەلىپىنى نەزەرگە
ئېلىپ ئالدى بىلەن تەلپەك ۋە تۇماق ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا

توختىلىش زۆرۈردۇر. دەرۋەقە تەلپەك بىلەن تۇماق شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل باش كىيىمى بولسىمۇ، بىراق ئاتىلىش جەھەتتىن پەرقلەندۈرمەي كەلدى. يەنى جەنۇبىي شىنجاڭلىقلار قوي تېرىسى ۋە قوينىڭ تۇغۇلغىنىغا بىر نەچچە كۈن بولغان قوزىسىنىڭ كۆرپىسىدە تۆپىلىك ۋە قاسقانلىرىنى قاتۇرماي تەبىئىي يۇسۇندا تىكىلگەن باش كىيىمنى تەلپەك، تۇرلۇك قاملاردا قاسقان ۋە تۆپىلىكلىرىنى قاتۇرۇپ، ئۇلۇق ۋە سولىنى بەلگىلەپ، ئىككى يان تەرىپىدە (يەنى قۇلاقنىڭ ئۇدۇلىدا) قۇلاقنى سوغۇقتىن مۇھاپىزەت قىلىدىغان قۇلاقچىسى بولغان باش كىيىمنى تۇماق دەپ ئاتىسا، شىماللىقلار ھەر ئىككىلىسىنى تۇماق دەپ ئاتاپ كەلدى. بىز بۇ يەردە مەزكۇر كىتابنىڭ باش كىيىم تىكىش تېخنىكىسىنى ئاساس قىلىشتەك ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭلىقلارنىڭ ئاتاش ئۇسۇلىنى ئاساس قىلىپ، تېرە ۋە كۆرپىدە تۆپىلىك ۋە قاسقانلىرىنى قاتۇرماي تەبىئىي تىكىلگەن باش كىيىمنى تەلپەك، تۇرلۇك قامدا قاسقان ۋە تۆپىلىكلىرىنى قاتۇرۇپ، تەرەپلىرىنى بەلگىلەپ تىكىلگەن باش كىيىمنى تۇماق دەپ ئاتاپ، ھەر بىر تۈردە ئايرىم-ئايرىم توختىلىمىز.

## تەلپەك

تەلپەك قوينىڭ تېرىسى ۋە قوينىڭ قوزىسىنىڭ كۆرپىسىدە تىكىپ تەييارلىنىدىغان يارىشىملىق باش كىيىمى بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن دەرىجىدە يۇرت ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. يەنى تەلپەكنى يىراق تارىختىن باشلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىسار ناھىيەسىدىن باشلاپ، شەرقتە ئالتۇن تاغ ۋادىسىدىكى چەرچەن، چاقىلىقلارغىچە بولغان، يەنى قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ سوزۇلغان بوستانلىقلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا كىيىش كەڭ ئومۇملاشقان باش كىيىمدۇر. تەلپەكنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئورۇنلاردىلا كىيىلىشىنىڭ ئومۇملاشقانلىقى كىشىنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا كىشىنى قايىل قىلىدىغان تارىخىي مەلۇمات يوق. تەلپەكنىڭ شەكلى بىلەن ئايرىم ئورۇنلاردىكى ئاتىلىشى ئوخشاش ئەمەس. يەنى خوتەندە تېرە بىلەن كۆرپىدە تىكىلگەن باش كىيىمنى تەلپەك دەپ ئاتىسا، باشقا ئورۇنلاردا ئۇنى تۇرلۇك قامدا قاتۇرۇپ تىكىلگەن باش كىيىمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تۇماق دەپ ئاتايدۇ. تەلپەك ئاتالغۇسى تىلىمىزغا قەدىمكى تۈرك تىلىدىن كىرگەن بولۇپ ئۇ «تېرىدە تىكىلگەن بۆك» سۆزىدىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ ھاسىل بولغان. بەزىلەر تەلپەكنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاغنى مۇقەددەس بىلىش تارىخىنىڭ ئىسپاتى دەپ قارايدۇ. پىشقەدەملەر نەقىل كەلتۈرگەن تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى دەۋرلەردە كىشىلەر بېشىنى سوغۇق ۋە باشقا تۇرلۇك تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن باشلىرىغا تېرىدىن كۆلا تىكىپ كىيگەن. ئۇيغۇرلاردا ھازىرقى تەلپەك كىيىش ئادىتى شىنجاڭغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەنلىكى تارىخىي چىنلىققا بىر قەدەر ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇنىڭدىن 200 يىللار ئىلگىرى كىشىلەر قاسقىنى ئىككى ئىلىگ كەڭلىكتە يەنى ھازىرقى سەللە تەلپەك شەكلىدە تۆت تالا تۆپىلىكلىك تەلپەكنى بەزىلەر رەخت بىلەن تاشلاپ، بەزىلەر تاشلىماي كىيگەنىكەن. يەنى شۇنىڭدىن باشلاپ شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى تۆپىلىكى ئىككى تالالىق سۇقۇچاق تەلپەكنىڭ ئۈستىنى شلەپىگە ئوخشاش باسۇرۇپ كىيگەن بولۇپ، بۇ خىل تەلپەك كېيىنكى دەۋرلەردە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ ئومۇملاشقان. يەنە بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن تۆپىلىكى تۆت تالالىق تەلپەك ئاساسىدا تۆت ئىلىگ كۆرپىنىڭ ئىچىگە كىگىز، يۇڭ سېلىپ قاسقىنىنى كۆپتۈرۈپ، تۆپىلىككە تىكىپ سەرگەز، ساقالۇت، شەيتان تېرىسى، سېلىك، مەخمەل قاتارلىق رەختلەردە تاشلاپ، ئۈستىنى قاتلاپ تىكىپ قاتلىما تەلپەكنى بارلىققا كەلتۈرگەن. يەنە سەپەرگە كۆپ چىقىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر تۆت تالالىق تۆپىلىكنىڭ ئىككى يان ۋە ئارقا تەرىپىگە قۇلىقى بىلەن گەردىنىنى ياپقۇچىلىق چوڭلۇقتا قاتلىما قاسقان تىكىپ قۇلاقچە تەلپەكنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئۇ سەپەرگە چىققاندا بۇ خىل تەلپەكنىڭ ئىككى قۇلاقچىسىنى قويۇپ بېرىپ قۇلاق ۋە زاڭىقنى سوغۇقتىن مۇداپىئە قىلسا، يەنە بىر قۇلاقچە بىلەن گەردەن قىسمىنى مۇداپىئە قىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن ھازىرقى كۆرپە تەلپەك ئىلگىرىكى قوپال ھالەتتىن تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ھازىرقى ھالەتلەرگە ئۇلاشقان بولسىمۇ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر، بولۇپمۇ چەت، تاغلىق رايونلاردىكى كىشىلەر ئىلگىرىكى مويلىرى





ئۇزۇن بولغان سالۋا تەلپەكلەرنى كىيىشنى داۋاملاشتۇرۇپ
كەلمەكتە. مەدەنىيەت ئىنقىلابى دەۋرىدە بۇ خىل تـەلپەك-
لەرنى كىيىشمۇ ئاسانغا چۈشمىدى، يـەنى بـۇ مـەزگىللەردە
قوي كۆپ ئۆلتۈرۈلمىگەچكە تېرە تـېپىش قـىيىن بـولغانى-
دى. شۇڭا كىشىلەر يـۇڭ يـىپ بـىلەن رەختكـە كۆرپىنىڭ
نۇسخىسىدا تۇقما ئارقىلىق، يالغان كۆرپە تىكىپ، ئۇنىڭدا
تەلپەك تىكىپ كىيىشكە مەجبۇر بولغانىدى. تۆۋەندە يۇقى-
رىدا تىلغا ئالغان تەلپەكلەرنىڭ تۈرىنى ئايرىم - ئايرىم تو-
نۇشتۇرىمىز.

## تەلپەكنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنى تونۇش

تەلپەك ئۇنى كىيگۈچى كىشىلەرنىڭ يـۇرت ئـايرىمى-
سىدىن باشقا تەلپەكنىڭ شەكلى ۋە تىكىلىش ئـالاھىدىلىكى-
نىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ كـۆرپە تـەلپەك، قـاما تـەلپەك،
تۈلكە تەلپەك، پىپى تەلپەك، كۇلا تەلپەك، سەللە تـەلپەك،
سالۋا تەلپەك قاتارلىق ئاساسلىق تۈرلەرگە بـۆلۈنىدۇ. بـۇ
خىل تـۈرلەرنىڭ ئـىچىدە سـالۋا تـەلپەك، كـۆرپە تـەلپەك،
پىپى تەلپەك، سەللە تەلپەك تۆتى ئاساسلىق تۈر ھېسابلىنى-
دۇ. قالغانلىرى ئۆزىگە خاس بولغان يەرلىك ئالاھىدىلىك-
لىرى بىلەن قـوشۇمچە تـۈر ھـېسابلىنىدۇ. بـۇنىڭ ئـىچىدە
سالۋا تەلپەكنىڭ تارىخى ئەڭ ئۇزاق بولۇپ، ئـەجدادلىرى-
مىز باش كىيىمى كـىيىشكە بـاشلىغاندا ئـەڭ بـۇرۇن سـالۋا
تەلپەكنى كىيگەن، سالۋا تـەلپەكنىڭ ئـەجدادلىرىمىز ئـەڭ
بۇرۇن كىيگەن باش كىيىمى بولۇشى ئۇنىڭ ماتېرىيال ئا-
لاھىدىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ ئـەجدادلىرى-
مىزنىڭ قوينىڭ تېرىسىدىن خاس باش كىيىم تىكىپ پايدى-
لىنىشتىكى تۇنجى قـەدەم بـولۇپ ھـېسابلىنىدۇ. ئـۇنىڭدىن
كېيىن بارلىققا كەلگىنى كۆرپە تەلپەك بولۇپ، ئۇ ئـەجداد-
لىرىمىزنىڭ باش كىيىم ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىشتىن، مۇ-
ئەييەن دەرىجىدىكى ئېستېتىك قارىشىنىڭ بارلىققا كېلىۋات-
قانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئـۇ دەۋر بـۆلگۈچ ئـالاھىدى-
لىككە ئىگىدۇر. قاما تەلپەك بىلەن سەللە تەلپەك ئـەجداد-
لىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى تارى-
خىي شارائىت بىلەن دىنىي شەرىئەت ئېھتىياجىنىڭ مـەھسۇ-
لى بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئېستېتىك ئېھ-
تىياج بىلەن، دىنىي تەلەپ، يەنى باشقا سەللە ئوراش تەلە-
پى ئاساس قىلىنغان. تۈلكە تـەلپەك ئـەڭ كـېيىنكى بـاش

كىيمى بولۇپ ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىش ھاسىل قىلىپ يېڭىلىققا كۆچكەندىن كېيىن، تولۇق بولغان ئېستېتىك تەلەپنى چىقىش قىلىپ بارلىققا كەلتۈرگەن باش كىيىمدۇر، تۆۋەندە تەلپەكلەرنىڭ تۆت ئاساسلىق تۈرىنى ئايرىم - ئايرىم تونۇشتۇرىمىز.

## سالۋا تەلپەك

سالۋا تەلپەك ئەجدادلىرىمىز ئەڭ بۇرۇن كىيگەن باش كىيمى بولۇپ، ئۇنىڭ تىكىلىشى باشقا تەلپەك تۈرلىرىگە قارىغاندا بىر قەدەر ئاددىي بولىدۇ. ئۇنى تىكىشكە كېتىدىغان ماتېرىيالمۇ باشقا تەلپەك تۈرلىرىدەك ئىنچىكە تەلەپ قويۇلمايدۇ. يەنى قوينىڭ موينۇق تېرىسىدە تىكىلىدۇ، شەكلى پېپى تۇماققا ئوخشايدۇ، بىراق ئېغىزىغا ھېچقانداق جىيەك تۇتۇلمايدۇ. ئۇ كۆپىنچە مويلىرى ئۇزۇن ئۆسكەن تېرىلەردە تىكىلگەچكە مويلىرى سىرتقا سالۋاراپ چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كىشىلەرنى قەھرىتان سوغۇقتىن مۇداپىئە قىلىش رولى باشقا تەلپەكلەردىن قېلىشمايدۇ.

## كۆرپە تەلپەك

كۆرپە تەلپەك قوينىڭ تۇغۇلغىنىغا بىر نەچچە كۈن بولغان (ئادەتتە تۇغۇلغىنىغا بىر ھەپتىدىن 15 كۈنگىچە بولغانلىرى ئۆلچەملىك ھېسابلىنىدۇ) قوزىسىنىڭ يۇڭى پەس كۆرپىسىدە سىپتا ھەم كۆركەم تىكىلىدىغان ئالاھىدە ئەتىۋارلىق باش كىيمى بولۇپ، تىكىلىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ يېڭىسار كۆرپە تەلپىكى، خوتەن كۆرپە تەلپىكى، كېرىيە كۆرپە تەلپىكى ۋە چىرا كۆرپە تەلپىكى قاتارلىق تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. كۆرپە تەلپەك يەنە پەسىل ئالاھىدىلىك بويىچە شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالنىڭ قېلىن سۇپەتلىكىگە قاراپ يازلىق كۆرپە تەلپەك ۋە قىشلىق كۆرپە تەلپەك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. يازلىق كۆرپە تەلپەكنىڭ ماتېرىيالى يۇپقا ھەم يېنىك، قىشلىق كۆرپە تەلپەكنىڭ ماتېرىيالى قېلىن ھەم ئېغىر بولىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم ئورۇنلىرىدا كۆرپە تەلپەكنىڭ ئايالچە نۇسخىسىمۇ بار.

## سەللە تەلپەك

سەللە تەلپەك كۆرپە تەلپەكنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى دىنىي ئېتىقاد ئېھتىياج تەلىپىنىڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر. دەرۋەقە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن دىنىي ئېتىقادنىڭ شەرىئەت تەلىپى بويىچە ئەرلەر بېشىغا سەللە يۆگەش ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئەرلەر يەنى باللاردىن باشلاپ ياشتا چوڭلارغىچە بېشىغا سەللە يۆگەپ تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدىغان بولغان، ئۇلار دەسلەپتە سەللىنى بىۋاستە بېشىغا ئورۇنغان بولسا، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە تەلپەكتىن ئىبارەت باش كىيىمنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىپ، شۇنداقلا سەللىنى تېخىمۇ كۆركەم، ھەم تېخىمۇ سالاپەتلىك، مۇستەھكەم ئوراشنى كۆزلەپ، ئەينى زاماندا كىيىش كەڭ ئومۇملاشقان سەللە تەلپەكنى بارلىققا كەلتۈرگەن. سەللە تەلپىكى تىكىلىش ئۇسۇلى ۋە شەكلى جەھەتتىن ئەنئەنىۋى تەلپەككە ئوخشمايدۇ. سەللە تەلپەكنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى قوينىڭ ئاشلىنىپ ئەيلەنگەن تېرىسىدىن ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە تۆت پارچە تۆپىلىك تالاسنى كېسىۋېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىنى قارا رەخت، يەنى قارا رەڭلىك دۇخاۋا، قارا رەڭلىك چىپەرقۇت ۋە باشقا قارا رەڭلىك رەختلەردە تاشلاپ تىكىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپتۇرمە قاسقىنى كەڭلىكى تۆت سانتىمېتىردىن ئالتە سانتىمېتىرغىچە بولغان كۆرپىنىڭ قېتىغا يۇڭ، پاختا قاتارلىق نەرسىلەر سېلىنىپ ھاسىل قىلىنىدۇ. سەللە تەلپەك باشنى سوغۇق ۋە ئىسسىقتىن ساقلاش بىلەن مۇھىمى سەللە يۆگەشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغاچقا كىشىلەر ئۇنى «سەللە تەلپىكى» دەپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. بۇ خىل تەلپەكنى دەسلەپكى مەزگىللەردە پەقەت ياشانغان ئەرلەر كىيگەن ھەمدە ياشانغانلار بىلەنلا چەكلەنگەن بولسىمۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل قائىدە بۇزۇلۇپ، ئۇنى ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلارمۇ كىيىدىغان بولغان، سەللە تەلپىكنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا تەپسىلىي نەزەر سالساق ئۇنىڭدا دەۋرنىڭ، زاماننىڭ، مۇھىمى ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي جەريانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇجەسسەملەنگەن. يېقىنغا كەلگەندە سەللە تەلپىكنى سەللە ئورىماي، باشنى سوغۇقتىن، ئىسسىقتىن مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈنلا كىيىدىغان ئادەتلەرمۇ بارلىققا كەلدى.

## پېپى تەلپەك

پېپى تەلپەك شەكىل جەھەتتىن «كەمچەت» بىلەن ئوخشاش بولۇپ قوينىڭ تېرىسىدىن تىكىلىدۇ، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى پېپى تەلپەكنىڭ ئېغىزىغا كۆپتۇرمە

قاسقان قىلىنماي، ئاددىي جىيەك تۇتۇلىدۇ. رەخت بىلەن سىرتى قاپلانمايدۇ، بەزىلىرىگە زىننەت ئۈچۈن زىغزىغلىق تۇتۇلىدۇ. موي تەرىپى ئىچ تەرەپ قىلىنىدۇ، پىپى تەلپەك يىراق تارىختا ئەجدادلىرىمىز ئەڭ بۇرۇن كىيگەن تەلپەكلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز باش كىيىم قىلىپ كىيگەن كۇلا، جەندىلەرگە قارىغاندا بىر قەدەر ئىلغارلىق بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇنىڭدا يەنىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى باش كىيىملىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولغان ئىپتىدائىيلىق ساقلانغان، كونكرېت ئېيتقاندا پىپى تەلپەكنى تىكىشكە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال بىلەن سايمان، تەلپەكنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا ناھايىتى ئاز بولىدۇ، يەنى ئادەتتىكى بىر پىپى تەلپەكنى تىكىش ئۈچۈن پەقەت قوي تېرىسى ۋە قايچا بىلەن يىپ - يىڭنىلا كېتىدۇ، پىپى تەلپەكنى ئادەتتە جەنۇبىي شىنجاڭلىقلارنىڭ بىر قىسمى «تۆپىلىك» دەپ ئاتاپ، كېچىلىرى بېشىغا سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالماسلىق ئۈچۈنلا كىيىدۇ، يەنە تەبىئىي شارائىتى ناچار ئورۇنلارغا بارغاندا باشقا ئالاھىدىرەك بولغان باش كىيىملىرىنى ئاسراش ئۈچۈن مەخسۇس پىپى تەلپەك كىيىدىغانلارمۇ بار.

## قاما تەلپەك

قاما تەلپەك تۈرلۈك قاملاردا ئاستى گىرۋىكىگە تاسما شەكىللىك كۆپتۈرمە قاسقان چىقىرىپ تىكىلىدىغان، كۆرۈنۈشى چىرايلىق، يارىشىملىق تەلپەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى سەللە تەلپەكنىڭ گەۋدىسىگە تولىمۇ ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇ سەللە تەلپەككە قارىغاندا بىر قەدەر نازۇك، سىپتا، يېنىك تىكىلىدۇ، قاما تەلپەكنىڭ ئايالچە، ئەرچە نۇسخىلىرى بار، ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەلپەك تۇماق تىكىمچىلىكىنىڭ يېقىنقى زاماندا بارلىققا كەلتۈرگەن يېڭى مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇنى تەلپەكنىڭ بىر قېتىملىق يېڭىلىنىشى دېسەك توغرا بولىدۇ، قاما تەلپەك ھەقىقەتەنمۇ تەلپەك تىكىمچىلىكىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئالاھىدە نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ كۆرۈنۈشى ناھايىتى چىرايلىق، يارىشىملىق، سۆلەتلىك بولىدۇ. قاما تەلپەكنىڭ بارلىققا كېلىش ۋاقتى سەللە تەلپەكتىن كېيىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى تىكىلىشىدىكى سىپتىلىقتۇر، يەنى قاما تەلپەك قارىماققا بەئەينى قىممەتلىك ماتېرىيالدىن ئويۇپ ياسالغان سەنئەت بۇيۇمىغا ئوخشايدۇ، قىسقىسى ئۇنىڭ ئۆزئارا يىڭنە يىپ بىلەن چېتىلغان ئورۇنلىرى سىرتىدىن كۆرۈنمەيدۇ. بەلكى بۇ ئۇستىلارنىڭ ئىنچىكە، سىپتا بولغان تىكىمچىلىك ماھارىتى ئارقىلىق تولىمۇ كۆركەم ھالغا كەلتۈرۈلىدۇ.

## تۇلكە تەلپەك

تۇلكە تەلپەك كۆرپە تەلپەكنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ ئۇ شەكلىنىڭ كۆركەم، تىكىلىشىنىڭ سىپتا، يارىشىملىق بولۇشىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن دەرىجىدىكى گۈزەللىك تەلپىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. تۇلكە تەلپەك تۇلكىنىڭ ئەتىۋارلىق بولغان چىرايلىق، سىلىق كەلگەن تېرىسىدىن قاما تەلپەكنىڭ نۇسخىسىدا تىكىلىدۇ. بۇ خىل تەلپەك شۇنچە كۆركەم، يارىشىملىق بولغان بىلەن بىراق تۇلكىنىڭ تېرىسى ناھايىتى كەم تېپىلغاچقا ئۇ تولىمۇ ئەتىۋار ھېسابلىنىدۇ، دەرۋەقە تارىختا تۇلكە تەلپەكنى كىيىشكە ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ئىنتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنى كىيىش پەقەت باي، تۆرە ۋە زەردارلار بىلەنلا چەكلىنىپ كەلگەن. قىسقىسى بۇ خىل تەلپەكنى ئادەتتىكى كىشىلەر كىيىشكە نېسىپ بولالمىغان. بىراق تۇلكە تەلپەكنىڭ ھازىرقى ھالىتىمۇ كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، تەپسىلىي ئېيتقاندا ھازىر كىشىلەرنىڭ ماددىي ئىقتىدارى تۇلكە تەلپەك كىيىشكە تولۇق يەتكەن بىلەن تۇلكىنى ئۆلتۈرۈش چەكلەنگەچكە، بۇ خىل تەلپەك بارا - بارا تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىشقا يۈزلەندى. شۇنداقتىمۇ سەنئەت ساھەسىدە ئارتىسلار تۇلكە تەلپەكنى مىللىي خاسلىقىمىزنىڭ بىردىنبىر نەمۇنىسى سۈپىتىدە سەھنىلەردە كىيىپ كېلىۋاتىدۇ. دېمەك، تەلپەك بىلەن تۇماق ئۇيغۇر باش كىيىم مەدەنىيىتىمىزدە ئەڭ چوڭ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداد مىراسى، ئۇيغۇرلار قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ گۈلتاجىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

(ئاپتور: خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)



# يەكەننىڭ قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتىدىكى تۆت گۆھەر



ئەكرەمجان مەترۇسۇل ئۈمىدى

جۇڭگودىكى داڭلىق «مۇقام يۇرتى»، «بادام ماكانى» بولغان يەكەن ناھىيەسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا، يەكەن دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان تارىخى ئۇزاق قەدىمىي يۇرت يەكەن يىپەك يولىدىكى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا غەربىي رايوندىكى دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىق ئىنتايىن راۋاجلانغان ئەڭ ئاۋات شەھەرلەردىن ئىدى، ئۇنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، باغ ـ ئورمانلىرى كۆپ، ماددىي مەھسۇلاتلىرى مول بولۇپلا قالماي، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ ھەممە تۈرلىرى بۇ يەردە ناھايىتى راۋاج تاپقان، يەنە بىر قىسىم مەھسۇلاتلار قەدىمىي يۇرت يەكەنگىلا خاس بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ، ھەتتا مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىغا داڭلىق ئىدى، بۇلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچى ئالاھىدە جۇلالىق، نۆۋەتتىمۇ داڭق قازىنىۋاتقان ئاساسلىق «تۆت گۆھەر» مۇنۇلار:

**يەكەن ئەتلىسى:** ئەتلەس ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەتلەستىن تىكىلگەن ھەر خىل كىيىملەر تارىختىن بۇيان خانىم ـ قىزلىرىمىزنىڭ ھۆسنىگە ـ ھۆسن قوشۇپ كەلگەن. يەكەن ــ قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزگىچە يەكەن ئەتلىسىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى، رەڭ تۈرلىرى ۋە كىيىم نۇسخىلىرى خەلقىمىزنىڭ گۈزەللىك قارىشى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن، شۇڭا ئىجادچانلىق روھىغا باي ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بۇنداق قىممەتلىك مەدەنىي مىراس ئەتلەس ۋە ئەتلەستە ئىپادىلەنگەن گۈزەللىك قارىشىنى تەتقىق قىلىش، ئۆرنەك قىلىش ــ مەدەنىيەت ۋە سایاھەتچىلىك ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈشتە ئەمەلىي قىممەتكە ئىگە ئەھمىيەتلىك تېمىلارنىڭ بىرىدۇر.

يەكەن ئەتلىسى ــ قەدىمدىن تارتىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىپ كەلگەن بولۇپ، يەنە «بېلىشمان نۇسخا ئەتلىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، يەكەن ئەتلىسىگە باشقا يۇرتلارنىڭ ئەتلەسلىرىدىكى گۈل ـ ئۆرنەكلىك ئېلېمېنتلارنىڭ بىر قىسمى كىچىكلىتىپ ئىشلىتىلگەندىن سىرت، ئۆزىگە خاس گۈل ئېلېمېنتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، يەكەن ئەتلىسى بۇرۇندىنلا قارا، قىزىل، سېرىق،



زەيتۇنى ۋە ئۇنىۋېرسال رەڭدىكىدىن ئىبارەت بەش خىل رەڭدە توقۇلۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا ئەتلەسلەردىن ئەڭ چوڭ، روشەن پەرقى شۇكى — گۈل يوللىرى ئەتلەس ئېنىگە ئۈچ يول ئىككى دەۋر، تۆت يول ئىككى دەۋر، بەش يول ئىككى دەۋر، تۆت يول ئۈچ دەۋر، يەتتە يول ئىككى دەۋر، تۆت يول تۆت دەۋر قىلىپ قاتار ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ھەرقايسى يوللارنىڭ تەگلىك رېڭى ۋە گۈل رېڭى ئۆزگىچە پەرقلىق بولىدۇ، ئادەتتە كۆپ ھاللاردا قىزىل، قارا، ھال رەڭ، يېشىل، سۆسۈن قاتارلىق رەڭلەر تەگلىك رەڭ قىلىنىدۇ، ئومۇمىي بىر پۈتۈن تەكشىلىك كۆرۈنۈشىدە، ھەر بىر يولدىكى ھەر بىر گۈل گۈرۈپپىسىنى تەشكىل قىلغۇچى گۈللەر ئۈچ قەۋەت جايلىشىدۇ.

يەكەن ئەتلىسىنىڭ ئۆزگىچە جۇلاسى كۆرۈنەرلىك، پەرقلىق، گۈللىرىنىڭ جايلىشىشى رىتىملىق، تەكشى، كىچىك ھەم زىچ بولۇپ، شەكىل ئۆزگىرىشى مول، ئۆزگىچە، رەڭ تۈرلىرى كۆپ ۋە ئۆزگىرىشچان، شوخ كېلىدۇ. ياش ئاياللار ۋە ئوسمۇر قىزلارنىڭ كىيىشىگە تازا باب كېلىدۇ، ئېنىق مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، يەكەن ئەتلىسىنىڭ رەڭ تۈرلىرى ۋە گۈل شەكلى ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىغاندا، ئۇنى قارا ئەتلەس، سېرىق ئەتلەس ۋە قىزىل ئەتلەستىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يېڭى نۇسخا دېيىشكە بولىدۇ.

**ئەتىۋارلىق بۇيۇم — يەكەن قەلەمتىراچى:** يەكەن قەلەمتىراچى (يەكەن پىچىقى) — قەدىمىي دىيار يەكەننىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىدىكى سەرخىل گۆھەرلەردىن بىرى بولۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق. ئۇ ئەمگەكچان، باتۇر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىنىڭ جۇلاسى بولۇپ، قەدىمدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ كۆركەم، ئۆتكۈر ۋە ئەپچىللىكى بىلەن تونۇلۇپ، ھەر مىللەت خەلقى تاللىشىپ سېتىۋالىدىغان مەھسۇلات قاتارىدا داڭق چىقىرىپ، يەكەننىڭ كوزىر مەھسۇلاتىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يەكەن دىيارىدىكى داڭلىق قول ھۈنەرۋەن پىچاق ئۇستىسى زىرىپ ئەخمەت ئاخۇن ئۇستام تەرىپىدىن 1910 - يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك پىچاقچىلىق كەسپىگە ئۈزلۈكسىز ۋارىسلىق قىلىش، تاۋلاش، بېيىتىش ئاساسىدا مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ھازىرقى «يەكەن قەلەمتىراچى» شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىر مۆڭگۈز، كۈمۈش، سەدەپ ۋە ھەر خىل سولياۋ دەستىلىك تۈرلىرى بار. بۇ پىچاق ئالاھىدە تاللانغان ساپ قۇيۇچتىن سېپتا سوقۇلۇپ، ئالاھىدە تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن سۇغۇرۇلغاچقا، ئۇزاق ئىشلەتكىلى بولىدۇ، بىسى ئۆتكۈر، پارقىراق بولۇپ داتلاشمايدۇ، پىچاق تىغىغا ئۇستامنىڭ ئىسمى ۋە يەكەننىڭ نامى ئويۇلغان بولىدۇ، قاپلىرىمۇ ئۆزگىچە سېپتا ۋە كۆركەم بولىدۇ.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، قەدىمكى يۇرت يەكەننىڭ نامى بىلەن بىللە، يەكەن قەلەمتىراچمۇ ئېلىپ يۇرۇشكە ئەپلىكلىكى، ئۆتكۈرلۈكى، سۈپىتىنىڭ كۆركەملىكى ۋە ساقلاش قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ساياھەتچىلەر بەس - بەستە خاتىرە بۇيۇمى سۈپىتىدە كۆپلەپ سېتىۋالىدىغان ئەتىۋارلىق سوۋغات بۇيۇمىغا ئايلاندى، ئۇنىڭدىن باشقا «ئۇرۇمچى سودا يەرمەنكىسى»، «قەشقەر سودا يەرمەنكىسى» دە يەكەننىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە كۆرگەزمىلەرگە قويۇلۇپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى، بىر قانچە يىل ئاۋۋال كۆرگەزمىگە قويۇلغان غايەت زور ئوبرازلىق يەكەن قەلەمتىراچى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سودىگەرلەر، ساياھەتچىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

**بادام دوپپا:** بادام دوپپا — يەكەننىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنىڭ يەنە بىر جۇلاسى بولۇپ، يەكەن

خەلقى ئەڭ ياقتۇرۇپ كىيىدىغان باش كىيىمى، ئۇ ئالاھىدە سۆرپىتى، ئۆزىگە خاس جەلپكار تىكىلىش ئۇسۇلى، يارىشىملىقى جەھەتتە باشقا باش كىيىملەردىن پەرقلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. يەكەننىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدا تويى كۆنى تويى بولغان يىگىتكە ئالاھىدە بادام دوپپا كىيدۇرۇلۇپ، ھۆرمەتلىنىدىغان ئادەت ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بادام دوپپىنىڭ شىنجاڭ، ھەتتا چەت ئەللەردىمۇ داڭقى بار بولۇپ، 1983 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئې-



دوپپا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى «كۇلاچە» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

بادام دوپپا ھەققىدە تەسىرلىك ھېكايىلەر بولۇپ، نا-ھايىتى ئۇزاق يىللار بۇرۇن يەكەن دىيارى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى نۇرغۇن شەھەر ـ يېزىلاردا ئېغىر دەرىجىدىكى يۇقۇملۇق ئۆپكە كېسىلى تارقىلىپ كېتىپ، نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كېتىپتۇ، پادىشاھ نۇرغۇن تېۋىپ ـ ئەمچىلەرنى يىغىپ، بۇ كېسەلگە شىپا ئىزدەتكۈزگەن بولسىمۇ ئۈنۈملۈك دورا تېپىلماي، ئۆلۈم ـ يېتىم بارغانسېرى كۆپىيىپتۇ، دەل شۇ ھالقىلىق پەيتتە، يىراق سەھرادىكى بىر تېۋىپ بۇ كېسەلگە ياۋا بادامنىڭ ئۈنۈملۈك شىپا بولىدىغانلىقىنى تېپىپ چىقىپتۇ، ئۇ چاغلاردا ھازىرقى بىزنىڭ باغ-

چىلغان ئەنئەنىۋى مىللىي قول سانائەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسىدە مۇنەۋۋەر مەھسۇلات بولۇپ باھالىنىپ زور ئالقىشقا ئېرىشكەن.

بادام دوپپا ـــ قەدىمىي ۋە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن كىيىلگەندىكى گۈمبەز شەكىللىك گۈللىرى ئوندىن 40 قىچە بولغان، تۆپىلىكىنىڭ تۆت تالاسىغا ئاي شەكىللىك گۈل تىكىلگەن، ئاينىڭ يېنىغا يۇلتۇزغا سىمۋول قىلىنىپ، ئۇششاق چېكىتلەر چېكىلگەن

لىرىمىزدىكى ئۆستۈرۈلۈۋاتقان بۇ باداملار ياۋا مېۋە دەپ قارىلىپ كۆلەملەشتۈرۈلمىگەنىكەن، بادامنىڭ شىپالىقلىقى بىلەن بۇ كېسەلنىڭ كونترول قىلىنىپ ساقايغانلىقىنى ئۇققان پادىشاھ تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، ھېلىقى تېۋىپنى كاتتا مۇكاپاتلاپ، مەملىكەتنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىپتۇ ھەمدە ھەممە پۇقرالارغا بادام يېيىشنى، كەڭ تۈردە بادام ئۆستۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ، ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالغان پۇقرالار شۇنىڭ بىلەن بادام دەرىخىنى ئەتىۋارلاپ باغىراقلىرىدا كۆپلەپ ئۆستۈرىدىغان بوپتۇ ۋە بادام مېۋىسىنىمۇ ئەتىۋارلاپ كۇلاچە دوپپىنىڭ تۆپىلىكىنىڭ تۆت تالاسىغا تۆت تال بادام مېۋىسىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى، ئۇنىڭ يېنىغا بادام مېۋىسىگە قونۇپ شىرنە يىغىۋاتقان ھەسەل

ھەرىسىگە سىمۋول قىلىنغان چېكىتلىك گۈل، كېزىكىگە يېڭى ھاياتنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ سىمۋولى بولغان كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش شەكلىدىكى 16 گۈمبەز شەكىللىك گۈل تىكىلگەن شەكىلگە ئۆزگەرتىلىپ، ئىسمىمۇ شۇنىڭدىن بىرى «بادام دوپپا» دەپ ئاتالغان ھەمدە قىز - ئاياللار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىگە مۇھەببەت ۋە مېھىر - ۋاپانىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە بادام دوپپا تەقدىم قىلىدىغان بوپتۇ.

بىر بادام دوپپا ئادەتتە گۈلچى، تەپچۈك، دوپپىچى قاتارلىق ئۈچ ئۇستامنىڭ قولى ئارقىلىق پۈتۈپ چىقىدىغان بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۆز سېھرىي كارامىتىنى يەنىمۇ نامايان قىلىپ كەلمەكتە، ئۇدا بىر نەچچە نۆۋەت مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە يەكەندە بادام دوپپا مەدەنىيىتى ۋە يەرلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەدەنىيىتى بويىچە مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقات تېمىلىرىغا ئايلىنىپ، بادام دوپپىنىڭ شان - شۆھرىتى شىنجاڭ ۋە مەملىكەت ئىچى - سىرتىغا تارالدى.

**كاچۇگلۇقلارنىڭ تۇماق مەدەنىيىتى:** يارىشىملىق كىيىم - كېچەك ئادەمنىڭ چىراي گۈزەللىكى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم ۋاستىدۇر، خەلقىمىز ئەزەلدىن باش كىيىملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى، جۇغراپىيەلىك شارائىتى، ۋە يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئاساسەن تىكىپ كىيگەن.

كاچۇگلۇقلارنىڭ باش كىيىمى — كاچۇك تۇمىقىمۇ تىكىش جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى، ئوبرازلىق مەزمۇنى، نۇسخا ئالاھىدىلىكى، گۈزەل سەنئەت جەھەتتىكى نەپىسلىكى بىلەن «كاچۇك سەنىمى» ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئېتىپ، قەدىمدىن ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلدى ھەمدە تاغلىق رايوندىكى خەلقىمىزنىڭ قەدىمكى دۇنيا قارىشىنى، گۈزەللىك، تۇرمۇش قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ساياھەتچىلىك ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا مىللىي ئەنئەنە، مىللىي ئالاھىدىلىك سۈپىتىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

كاچۇك يېزىسى — يەكەن ناھىيەسىنىڭ تاغلىق يېزىسى بولۇپ، بۇ يېزا قارا قۇرۇم تاغلىرى بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ، يەكەن دەرياسىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدۇ، كاچۇگلۇقلار ئادەتتە، بولۇپمۇ مەشرەپلەردە دائىم ئېگىز قارا كۆرپە تۇماق كىيىشكە ئادەتلەنگەن، كاچۇگدا قارا كۆرپە تۇماق كىيىش ئادىتى 13 - ئەسىردىن ئىلگىرىلا ئومۇملاشقان بولۇپ، كاچۇك تۇمىقى ئاساسەن ئۈچ خىل نۇسخىدا بولىدۇ: 1 - نۇسخا ئېگىز نوغۇچ تۇماق بولۇپ، بۇ خىل تۇماق قارا قوزىنىڭ تېرىسىدە تىكىلىدۇ. ئېگىزلىكى 30 - 35 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ؛ 2 - نۇسخا ئارا تۇماق بولۇپ، بۇمۇ قارا قوزىنىڭ تېرىسىدە تىكىلىدۇ، ئېگىزلىكى 25 - 30 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ؛ 3 - نۇسخا سالۋاي تۇماق بولۇپ بۇ قوينىڭ ئۆسەك تېرىسىدە تىكىلىدۇ، ئېگىزلىكى 10 - 15 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ، ئادەتتە ئاياللار كىيىدىغان تۇماقلارنىڭ سىرتقى قىسمى يىپەك رەختتە نەپىس ۋە لاتاپەتلىك قىلىپ تىكىلىدۇ، ئەرلەرنىڭ تۇمىقىنىڭ سىرتقى قىسمى تاشلانمىغان بولۇپ، بۇنىڭغا بىر قاراپلا بۇ باش كىيىمنىڭ ئەرلەرنىڭ ياكى ئاياللارنىڭ ئەكەنلىكىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، بۇ باش كىيىم يەنە سىرتتىن كەلگەن ئەزىز مېھمانلارغا ئالاھىدە سوۋغا قىلىنىدۇ.



پايدىلانمىلار:


1. «مۇقام يۇرتى — يەكەن»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2001 - يىل 1 - نەشرى، 16 - ، 19 - ، 38 - بەتلەر.
2. «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» 2004 - يىل 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، 3 - بەت.
3. «شىنجاڭ گېزىتى» 1998 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، 5 - بەت.


(ئاپتور: يەكەن ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# شۋېتسيەلىك مىسسىيونېر سىگفرىد موئېن توپلىغان ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانما

مامۇت ئىمىن

**كىرىش سۆز:** شۋېتسيەلىك مىسسىيونېر سىگفرىد موئېن (Sigfrid Moen Rev ، 1897ـ 1989) ئەينى دەۋردە جەنۇبىي شىنجاڭدا دىن تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا 1930 ـ يىلدىن 1938 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلارنى ئارىلاپ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئالاقىدار بولغان نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىغان. بۇ ئەسەرلەر ئىچىدىن مەخسۇس خەلق قوشاقلىرى تاللىنىپ، گۇننار ياررىڭنىڭ رەتلىشى بىلەن 1996 ـ يىلى لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى تېئولوگىيە ئىنستىتۇتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. مەن فرانكفورت ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركولوگىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇغىلى چىققاندا فاكۇلتېت ماتېرىيال بۆلۈمىدىن گۇننار ياررىڭنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش جەريانىدا گۇننار ياررىڭ تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شەرقىي تۈرك ياكى يېڭى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن تاللانما» دېگەن ئەسەرنى كۆرۈپ قالدىم. جەمئىي 46 بەتلىك بۇ كىچىك كىتابقا سىگفرىد موئېن توپلىغان جەمئىي 79 پارچە قەشقەر خەلق قوشىقى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئاۋۋال قوشاقلارنىڭ ئۇيغۇرچىسى، ئاندىن ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بېرىلگەن. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا توپلانغان بۇ قوشاقلارنى بۈگۈنكى كۈندىكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇنچىۋالا چوڭ پەرقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بىز ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى، مۇھىمى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ يىلدىكى ئاغزاكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن نۆۋەتتىكى ئاغزاكى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرمىلىق تەتقىقات ئۈچۈن ماتېرىيال بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، سىگفرىد موئېن توپلىغان قەشقەر خەلق قوشاقلىرىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

ــ تەييارلىغۇچىدىن

تاغقا چىقتىم داۋانسىز،
ساڭا كۆيدۈم ئارامسىز.
كۆيگەنىمنى بىلەمسىز،
كۆڭلى قارا ئىمانسىز.

ئاق تامىڭدا ئات يۈگۈردۈم،
يىقىلدىم تۈزگە.

ئاتىنىڭ ئالدىدا خەت ئىبەردىم،
دوستۇم ساڭا.

ئۆستەڭ بويى يۇلغۇنلۇق،
دوپاسى بادام گۈللۈك.
سەن خانىمنى ئويناتقان،
چۆرەسى قىزىل گۈللۈك.

ئوتتا كۆيەيمۇ دوستۇم،
چوغدا كۆيەيمۇ دوستۇم.
ئوتىڭىزغا پايلىماي،
ھەرەمگە كىتەيمۇ دوستۇم.

قوغۇن تېرىدىم خەسكە،
پىچىپ بېرەمەن بەگگە.

ئاتاممۇ يوق، ئاناممۇ يوق،
بۇ يۇرتتا ئۆزۈم يەككە.

تاشيولدا ھەيدەيدۇر،
شوپۇر بالالار ماشنا.
ئەگەر ئوقۇغان بولساڭ،
كۆن بولمايدۇ ئاشنا.

مەن ئاتمنى سۇغاردىم،
مارالبېشى بۇلاقتا.
ئوغۇل بالا، ياش بالا،
سىپا يەردە سولاقتا.

قىزىل گۈل ئاچىلىپدۇر،
باغ يول ئىچىدە.
قارا كۆز ئولتۇرادۇر،
ھۇجرا ئىچىدە.

قىزىل گۈل ئاراسىدە،
بوياقنى كۆرۈپ قالدىم.
ئېيتماغانغە بولمايدۇر،
سىزگە مەن كۆيۈپ قالدىم.

باشقىدىكى دوپپاڭنىڭ،
كۆلگە تۆشتى شولىسى.
مېنى كۆيدۈرگەن يارىڭنىڭ،
يول تۆپەسىدە ھويلەسى.

ئۆيىنىڭ ئارقاسى شولۇق (شورلۇق)،
پۇتۇڭ ئاغرامدىكەن يارىم.
شول ئوتدە ئۆلۈپ كەتسەم،
ئىچىڭ ئاغرىمدىكىن يارىم.

ئالماتۇ دېگەن شەھەرنىڭ،
ئالماسى تولا ئىكەن.
غېرىبلىك ماڭا يەتتى.
كەلمەسەم بولار ئىكەن.

ئېلىخونىڭ يوللەرى،
چىلان بىلەن چۆل قۇدۇق.

قايەردە بولسا ئاتامنى،
بىز خۇداغا تاپشۇردۇق.

قاشى قارا مۇنايىم،
تولادۇر مېنىڭ گۇناھىم.
گۇناھىمنى تونۇرمەن،
رەھىم قىلغىل خۇدايىم.

مەن كېتەي، يارىم كېتەي،
ئەرزىم بەيان ئەيلەپ كېتەي.
مېنىڭ يارىم قايدا دەپ،
چۆللەردە مەن يىغلاپ كېتەي.

ۋاپا قىلامىكى دەپتىم،
جاپا قىلىشنى كىم بىلدى.
ئايرىلماسمىكى دەپتىم،
ئايرىلىشنى كىم بىلدى.

ئېگىز ئېرىقتا نو(ر) قويغان.
پەس ئېرىقتا گۈلدۇرمە.
سىزگە مەن كۆيۈپ قالغان،
ھېچكىشگە بىلدۇرمە.

سەنمۇ غېرىب، مەنمۇ غېرىب،
باغقا بۇغدايىنى تېرىپ.
ئالتە ساچقاننى قاتىپ،
لەيلەي ئېيتقان شاھ غېرىب.

ھاۋادىكى بوز قۇشمەن،
خېنىم دەردىگدە بىھوشمەن.
مەيلىڭ بولسا كەل يارىم،
ئالتۇن بىرلەن كۈمۈشمەن.

كېتەردە خۇش دېمەي كەتكەن،
مېنىڭ ئانداغمۇ يارىم يوق.
پېشانەمگە پۇتۇلگەندۇر،
ئانى تارتماسقا چارەم يوق.

دۇتارى يۇ، دۇتارى،
دۇتارىغە پەي تارى.

كۆيەككە نېمە دارى،
چىلىم بىلەن سەيخانە.

گۈلۈم غۇنچە گۈلۈم غۇنچە،
نېمە كۆيدۈرۈرسەن ئۇنچە.
سېنىڭ گۈلۈڭ ئېچىلغۇنچە،
مېنىڭ گۈلۈم تېخى غۇنچە.

يا دەردىدە مەن ئادا بولدۇم،
غەمگە مەن يەنە تولدۇم.
(ياكى) غەمگە مۇپتالا بولدۇم.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئاشىق بىقارا بولدۇم.

كەتتى ئۇل كۆڭلى قارا،
كېتەمسە يارىم دېمەدى.
(ياكى) بارامسە يارىم دېمەدى.
چىنىگە چاينى قۇيۇپ،
ئىچەمسە يارىم دېمەدى.

سەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى سەن،
مەن چىمەننىڭ بىر گۈلى.
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ،
مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى.

راۋاب چالغان قوللەرىڭ،
تالمامدۇر بىلەكلەرىڭ.
ئۇشتۇيەگدىن مەن ئۆتسەم،
كۆيمەمدۇر يۈرەكلەرىڭ.

باغقا كىرمەكلىك ئاسان،
شورا بولغاندىن كىن.
ئاشنا تۇتماقلىق ئاسان،
مەيلى بولغاندىن كىن.

مەن بۇ يولغە ماڭما ئەتتىم،
باشلاپ كەلدى ئىبراھىم.
ئاشۇق بىرلەن مەشۇقنى،
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

راۋاپچى ئۇتۇپ كەتتى،
ئارقادىكى يول بىرلەن.
كۆڭلۈمنى ئۇتۇپ ئالدى،
قولىدىكى گۈل بىرلەن.

باغقا كىرىپ باغبان بولۇپ،
تېرىسام تەيدى گۈللەرنىڭدىن.
ژۈرەكمنى ئوتتا داغلاپ،
ئەگسەم نازۇك بەللەرنىڭدىن.

ئەجەب يەمان كۈنلەر كېلۇر،
ئوغۇل بالانىڭ باشىغە.
سايدا تۇگۇرمەن چۆرگۈلەمدۇر،
كۆزىدىن ئاققان ياشىغە.

كېچە بولسا ياتمايدۇر،
تەرەكنىڭ باشىدا قارغا.
نېمە ئۈنچە يىغلايسەن،
ۋاپا قىلمىغان يارغا.

سېنى دەيمۇ، مېنى دەيمۇ،
سېنى كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ.
سېنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتسەم
بېھىشت ئۈزى كۆرەرمەنمۇ.

ھەر شەنبە چىقىپ گەچتىم،
مەي باغلانغان ئۆجمەگنى.
بۇ شەنبە چىقالمادىم،
نە قىلاي غېرىبلىقنى.

سەھەردە سايراغان بۇلبۇل،
خۇداغا نالە قىلمامدۇر.
ئاتامىز يوق، ئانامىز يوق،
خۇدايىم رەھمە قىلمامدۇر.

كۆك قومۇشقا ئوتنى ياقسام،
ساغرا كۆيمەس دېدىم.
يۈزى ئاق ۋە كۆڭلى قارا،
مەندىن ئايرىلماس دېدىم.

كەتتى ئۆستەڭ ياقىلاپ،
تاش بىرلەن قۇمنى ساناپ.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
كۈندۈزدەكى يارنى ئويلاپ.

ئاتلارىنى ھەيدەيدىكەن،
مۇز داۋان بىرلەن.
بىر ياخشىنى قىينايدىكەن،
بىر يامان بىرلەن.

ئارپا بۇغداي سامانىنى،
سالقىن ئارىيدۇر.
بىرتۇغقان قارىنداشىم،
ئۆلۈم ئارىيدۇر.

ئاتام مېنى ئانام مېنى،
بالام دېمەسۇن.
خۇدا ساپتۇر شۇ كويلارغا،
يەمان دېمەسۇن.

ئاتاڭ قىچقىرىدىمۇ كەكلىك،
ئاناڭ قىچقىرىدىمۇ كەكلىك.
قەپەسنىڭ قەدرىنى بىلمەي،
ئۇچۇپ كەتتىڭ نادان كەكلىك.

بارسام، بارسام ياز بولۇپتۇر،
كەلسەم زىمىستان.
كەچكەن كۈنۈم كەتمەسمۇ،
ياردىن ئايرىلسام.

ئۈجمىلەر پىشىپ قاپتۇ،
شاخ ـ شاخىدا مەي باغلاپ.
چوكانلار قېرىپ قاپتۇ،
ئەمچەكلەرى تور باغلاپ.

مەن ئاتىمنى سالمايمەن،
ئۆستەڭ بويى لۆملۆمگە.
ئەجەپ ئىچىم ئاغرىيدۇر،
ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈمگە.

مەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا،
سەنمۇ ئۆستەڭ بويىدا.
خۇدا بۇيرۇسا كۆرۈشەرمىز،
ناچۇق ئۆستەڭ بويىدا.

قۇيرۇقۇم قانات قويدى،
سايدىكى سۆگەتلەرگە.
يارغا خەت بىرەر چاغدا،
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

باغدا كاككۇك سايرايدۇر،
ئاڭلاڭلا نېمە دەيدۇر.
ھەر كۈن ھەر نېمە دەيدۇر،
دەرد كەلمەيدۇر بىلمەيدۇر.

شوتا قويدۇم شاتۇتقا،
بىز مۇساپىر بۇ يۇرتقا.
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
بىز كېتەرمىز ئۆز يۇرتقا.

قۇشقاچلار جىلۋىدايدۇر،
لاچىن كەلگەن ئوخشايدۇر.
يۈرەكىم جىغىلدايدۇر،
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇر.

چىرايىم زەفىران بولدى،
ساماندىن ئايرىيالمايمەن.
مېنىڭ بىچارە كۆڭلۈمنى،
يەماندىن ئايرىيالمايمەن.

چارە چاقۇ چاۋاچاق،
چاۋا تەردىم بىر قۇچچاق.
چاۋارىمنى ئەپ كەتتى،
پاقا بىرلەن قۇمۇچاق.

ئاشنا تۇت چىرايلىقنى،
يولدە قوي نىشانىڭنى.
ئاشنا قولغە كەلمىسە،
ئۇرۇپ قوي پەشانىڭنى.

ئۆلىغا چىقىپ كەتتى،
يول بىلمەيدۇرغان باللا.
سوداسىنى قىلالامدۇر،
سودا قىلماغان باللا.

فەيزابادنى چۆل دەيسەن،
چۆل ئەمەسكەن ئاۋاتكەن.
يېڭى يارچى يار تۇتسام،
قەند ئەمەسكەن ناۋاتكەن.

قاپقارادۇر قاشلارىڭ،
يەلپۈنەدۇر ساچلارىڭ.
سىزگە نېمە دەرد كەلدى،
تۆكۈلەدۇر ياشلارىڭ.

ئارتۇشنىڭ يولى يامان،
توشۇيدۇر ئوتان- سامان.
نادان باللار بىلمەيدۇ،
ھەممەدىن كۆيەك يامان.

ناخشىنى تولا ئېيتسام،
ئەل مېنى سارالڭ دەيدۇر.
قەدرىدان ئاتام بولسا،
دەردى بار بالام دەيدۇ.

ھاراق ئىچسەدۇر دەيدۇر،
تاماكۇ چەكسەدۇر دەيدۇر.
ھەركىم ھەر نېمە دەيدۇر،
دەرد كەلمەيدۇر بىلمەيدۇر.

ئاتمنى توقۇپ قويدۇم،
يغۇرغان يامان قاردا.
باشمغا ھەر بالا كەلسە،
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخى ياردا.

ئاتمنى توقۇپ قويدۇم
ئايىللەرنى مەن تارتماي.
بۇ دەردنى كىم تارتسۇن،
سەن بىرلەن مەن تارتماي.

ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى،
باغدا قىلايلى سەيلى.
يار كېلەمدۇر كەلمەمدۇر،
يارنىڭ ئۆزىنىڭ مەيلى.

يار كېلۇرمىكىن مۇنداق،
مەن بارامدۇرمەن ئاندا.
يارغا يار كېرەك بولسا،
قول سالىپ كېلۇر مۇندا.

كاككۇكلار كېلىپ قاپتۇ، يارەي،
باھار بولغانغا ئوخشايدۇر.
كۆڭلۈم خوش بولۇپ قاپتۇ، جانىما،
يارىم كەلگەنگە ئوخشايدۇر.

كاككۇكلار كېلىپ قاپتۇ، يارەي،
ياش ئوسما تېرەكلەرگە.
يارىمنى خيال قىلسام جانىما،
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

كاككۇك ئاشۇقى زەينەپ، يارەي،
بىرى باغدا، بىرى تاغدا.
بۇلبۇل سايرىغان چاغدا، جانىما،
مەن يارىم بىرلەن باغدا.

ئالمانى ئاتتىم دەرياغا،
لەيلمەيدۇر چۆكمەيدۇر.
ئايىم خاننىڭ ئوتلارى،
يالدىرلايدۇر ئۆچمەيدۇر.

چىنانى بەرمەڭ نادانغا،
ئويناپ، ئويناپ سىندۇرۇر.
بىۋەفاغا ئاشنا بولساڭ،
قاچان كۆڭۈلنى تىندۇرۇر.

كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەڭ،
كۆڭۈل ھەر جايغا باشلايدۇر.
سەمەرقەند ئالماسدەك،
ئالىپ چۆللەرگە تاشلايدۇر.

ئوتان كەسكەن كەركەمىكىن،
يارغاچ كەسكەن كەركەمىكىن.
تاتلىق گەپنى ئىشتمەيدۇر،
يارنىڭ كۆڭلى تەتۈرمىكىن.

بارغۇم بار ھەي بارغۇم بار،
بۇغدايلىقتا زارغۇن بار.
كىمنىڭ قىزى ئۇز بولسا،
شۇنى بارىپ ئالغۇم بار.

ئول يان ئۆتۈپ بۇيان ئۆتۈپ،
نەرگە بارۇرسەن.
ئوسما قويۇپ گۆلنى قىسىپ،
جاننى ئالۇرسەن.

ئامراقىم دەيمۇ سېنى، ۋاي،
تاتلىقىم دەيمۇ سېنى.
شىشەدىن ساندۇق ئېتىپ،
ساقلاپ سۆيەيمۇ ۋاي، سېنى.

باغدا باققان پاخلانىم دەپ،
ئۆلتۈرۈپ يەيمۇ سېنى.
شىشەدىن ساندۇق ئېتىپ،
ساقلاپ سۆيەيمۇ سېنى.

ئايۋانىڭدا ياتايمۇ،
سەرايىڭدا سەن.
ئاق راباتتا ئايرىلغان،
يارىمسەن.

مەن بۇ يەرگە كەلمەيتتىم،
ئالىپ كەلگەن ئىبراھىم.
ئاشۇق بىلەن مەشۇقنى،
ئايرىپ ئاتقان خۇدايىم.

ئاينى كۆردۈم ئاسماندا،
كۈننى كۆردۈم ئاسماندا.
مەن ساڭا بېرىپ قوياي،
قەرزىڭ بولسا دوستامدا.

ئاينى كۆردۈم ئاسماندە،
قەرزىڭ بارمۇ دوستۇمدە.
قەرزىڭ بولسا مەن بېرەي،
نەق نەرسنى يىغقاندە.

تام تۆپەسدە ئولتۇرادۇر،
غۇنچە بويلۇق بىر يىگت.
ئىشارەتلىسەم شەرەتكە كەلمەس،
ئىشارىتى تاتلىق يىگت.

(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېر-
سىتېتى ئۇيغۇر تىلى فاكۇلتېتى چاغاتاي
ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ 2008 -
يىللىق دوكتور ئاسپىرانتى)



سۇ تۈگمىنى




主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层）
电话：(0991)4554017　传真：(0991)4559756
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一连续出版物号：CN65—1130/I
国际标准连续出版物号：ISSN1004—3829
代号：58-60　广告许可证号：6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
国外发行：中国图书进出口总公司
印刷：新疆日报社印务中心
邮编：830001　定价：6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: 0991- 4554017 Fax: 0991-4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 /I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى: 6500006000040